أكثر من ألف سنة في
اليوم والليلة

# بىر كېچە-كۈندۈزدىكى
# 1000 دىن ئارتۇق سۈننەت

خالىد ھۇسەينان (رەھىمەھۇللاھ)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئۇممۇ ئابدۇللاھ

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

أكثر من ألف سنة في
اليوم والليلة

# بىر كېچە-كۈندۈزدىكى
# 1000 دىن ئارتۇق سۈننەت

خالىد ھۇسەينان (رەھىمەھۇللاھ)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئۇممۇ ئابدۇللاھ

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................ 4
ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىكى سۈننەتلەر ..... 12
ھاجەتخانىغا كىرگەن - چىققاندىكى
سۈننەتلەر........................ 13
تاھارەت ئېلىش جەريانىدىكى سۈننەتلەر. 15
مىسۋاك قىلىش .................. 24
ئاياغ كىيىشتىكى سۈننەتلەر ......... 26
كىيىم كىيىشتىكى سۈننەتلەر........ 27
(ئۆيگە) كىرىپ - چىقىشتىكى سۈننەتلەر 30
مەسجىدكە بېرىش جەريانىدىكى سۈننەتلەر34
ئەزاننىڭ سۈننەتلىرى .............. 41
تەكبىر چۇشۇرۇشتىكى سۈننەتلەر ..... 46

ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئالدىغا سۇترە قىلىش .... 51
سۇترە قىلىش توغرىسىدىكى مەسىلىلەر.. 52
بىر كېچە-كۈندۈزدە ئادا قىلىنىدىغان نەپلە
نامازلار .......................... 55
كېچىدە قىيامدا تۇرۇشنىڭ سۈننەتلىرى . 60
ۋىتىر نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى ......... 65
بامدات نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى......... 67
بامدات نامىزىدىن كېيىن ئولتۇرۇش .... 69
ناماز كەلىمىلىرىدىكى سۈننەتلەر ....... 70
نامازنىڭ ھەرىكەتلىرىدىكى سۈننەتلەر.... 77
رۇكۇدىكى سۈننەتلەر.................. 79
سەجدىدىكى سۈننەتلەر................ 80
ئەتىگەن ۋە كەچلىك سۈننەتلەر......... 98
كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندىكى سۈننەتلەر 116

تاماق يېگەن ۋاقىتتىكى سۈننەتلەر.... 123

ئىچىملىك ئىچكەن چاغدىكى سۈننەتلەر 127

نەپلە نامازلارنى ئۆيدە ئادا قىلىش ....... 129

سورۇندىن تارقالغاندىكى سۈننەتلەر..... 131

ئۇخلاشتىن ئىلگىرىكى سۈننەتلەر ..... 135

بىرلا ۋاقىتتا كۆپ ئىبادەتلەرنى غەنىيمەت

بىلىش ........................ 151

ھەر ۋاقىت الله نى زىكىر قىلىش........ 152

الله نىڭ نېئمەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر

قىلىش........................ 157

ھەر ئايدا قۇرئاننى بىر قېتىم تاماملاش. 161

خاتىمە ........................ 163

## كىرىش سۆز

بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان، چەكسىز مەغپىرەت قىلغۇچى، كەرەملىك، قۇدرەتلىك، قەلب ۋە كۆزلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچى الله قا خاستۇر. الله قا ئەتىگەن ـ ئاخشاملاردا ھەر دائىم ھەمدە ئېيتىمەن. ئۆز ساھىبىنى دوزاختىن قۇتقۇزىدىغان سۆز بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ يەككە ـ يېگانىدۇر، ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر. يەنە شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ تاللانغان پەيغەمبىرىدۇر. ئاخىرىدا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ئاياللىرىغا، ئىززەتلەش ۋە ھۆرمەتلەشكە لايىق بولغان

ساھابىلىرىگە تاكى قىيامەتكىچىلىك الله نىڭ دائىمىي رەھمەتلىرى بولسۇن.

مەقسەتكە كەلسەك، مۇسۇلمان كىشى ئەتىگەندىن-كەچكىچە بولغان ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدىكى ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە سۆز-پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتى ئاساسىدا تەرتىپلىشى ئۈچۈن، كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىش بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىشتۇر.

بۇ ھەقتە مىسىرلىق زۇننۇن دېگەن كىشى مۇنداق دېگەن: «بەندە ئۆزىنىڭ ھەربىر ئەمىلىدە الله نىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئەخلاقلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى، بۇيرۇقلىرى ۋە سۈننەتلىرىگە

ھەقىقىي ئەگىشىشى ـــ ئۇ بەندىنىڭ اللە تائالانى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنْ كُنْتُمْ تُحِبُّونَ اللَّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللَّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: <ئەگەر سىلەر اللە نى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، اللە سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر>»[1].

ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ئەگەشكەنلىكى ـــ پەيغەمبەر ﷺ نى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ

(1) سۈرە ئال ئىمران 31ـ ئايەت.

ئىپادىسىدۇر. ھەقىقەتەن مۇئمىن كىشىنىڭ دەرىجىسى پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ، سۈننەتنى ئۆزىگە قانچە كۆپ تەتبىقلىغانسىرى الله نىڭ دەرگاھىدا ئېرىشىدىغان ھۆرمىتى ۋە ئورنى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ». ئېخىمۇ ھۆرمەتلىك ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولىدۇ».

شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن مۇشۇ قىسقىغىنە تەتقىقاتنى مۇسۇلمانلارنىڭ رىئاللىقى، كۈندىلىك تۇرمۇشى، ئىبادەتلىرى، ئۇيقۇسى، يەپ - ئىچىشى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى، تاھارىتى، بىرەر ئورۇنغا كىرىپ - چىقىشى، كىيىم كىيىشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا، ھەربىر ئىش - ھەرىكەتلىرىدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىنى ئۆزىدە تىرىلدۈرۈشى ئۈچۈن توپلاپ چىقتىم. ئويلىنىپ بېقىڭ! ئەگەر بىرىمىزنىڭ

پۇل-مېلىدىن بىر قىسىم مال چۈشۈپ قالسا، ئۇنى ئىزدەپ تاپقانغا قەدەر تىرىشقان ۋە كۆپ غەم يېگەن بولاتتۇق لېكىن ھاياتىمىزدا نۇرغۇنلىغان سۈننەتلەر چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ، بىز بۇ سۈننەتلەرنى ھايات رىئاللىقىمىزغا تەتبىقلاش ئۈچۈن تىرىشىپ باقتۇقمۇ؟ چۈشۈپ قالغانلىقىغا قايغۇرۇپ باقتۇقمۇ؟!

بىزنىڭ سۈننەتنى ئۇلۇغلىغاندىن بەكرەك دىنار-دەرھەملەرنى ئۇلۇغلايدىغان بولۇپ قالغانلىقىمىز ھاياتىمىزدا بىز ئۇچراۋاتقان مۇسىبەتلەردىن بىرىدۇر. ئەگەر كىشىلەرگە: «كىمكى بىرەر سۈننەتكە ئەمەل قىلسا ئۇنىڭغا پۇل-مال بېرىلىدۇ» دېيىلسە، ئەمەل قىلمىغان سۈننەتنىڭ ھەربىرىگە پۇل بېرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن،

كىشىلەرنىڭ ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە بولغان بارلىق ئىشلىرىدا سۈننەتنى تەتبىقلاشقا ھېرىسمەن بولغانلىقىنى ئۇچراتقان بولاتتىڭىز.

ئى ئىنسان! سەن قەبرەڭگە قويۇلۇپ، ئۈستۈڭگە تۇپراقلار تاشلانغاندا پۇل ـ مال ساڭا نېمە پايدا بېرەر ـ ھە؟! اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بَلْ تُؤْثِرُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا ۞ وَالْآخِرَةُ خَيْرٌ وَأَبْقَى ۞﴾ «سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئارتۇق كۆرىسىلەر [16]، ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر [17]». (1)

مەزكۇر تەتقىقاتىمىزدىكى بۇ سۈننەتلەر ــ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان، ھەربىر كىشى ئۇنى قىلىشقا قادىر بولالايدىغان، قىلغۇچىغا ساۋاب

(1) سۈرە ئەئلا 16 ـ ، 17 ـ ئايەتلەر.

بىرىلىدىغان، تەرك ئەتكۈچى جازالانمايدىغان سۈننەتلەردۇر. ئەگەر ھەربىر شەخس كۈندىلىك سۈننەتلەرنى تەتبىقلاشقا ھېرىسمەن بولسىلا، بىر كۈنلۈك ئىش - پائالىيەتلىرىدە 1000 دىن ئارتۇق سۈننەتلەرنى تەتبىقلاش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى ئۇچرىتىسىز. مەزكۇر رىسالە بىر كۈندىكى 1000 دىن ئارتۇق سۈننەتنى تەتبىقلاشنىڭ ئەڭ ئاسان ۋاستىسىدۇر. ئەگەر مۇسۇلمان كىشى بىر كېچە - كۈندۈزدە 1000 سۈننەتنى تەتبىقلاشقا ھېرىسمەن بولسىلا، ئەلۋەتتە بىر ئايدا 30 مىڭ سۈننەت بولىدۇ. ئۇنداقتا، مۇشۇ سۈننەتلەرنى بىلمىگەن، بىلسىمۇ ئەمەل قىلمىغان كىشىگە قاراپ بېقىڭ، ئۇ قانچىلىغان دەرىجە ۋە ياخشىلىقلارنى قولدىن بېرىپ قويىدى ۋە ئۇلاردىن مەھرۇم قالدى - ھە!؟

❖ بۇ سۈننەتلەرنى لازىم تۇتۇشنىڭ پايدىلىرى

1. الله تائالانىڭ مۇئمىن بەندىسىنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ دەرىجىسىگە يېتىش.

2. پەرزلەردە سادىر بولغان كەمچىلىكلەرنى تولۇقلاش.

3. بىدئەتكە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش.

4. الله نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئۇلۇغلاش.

ئى ئىسلام ئۈممىتى! پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتى ھەققىدە الله تىن قورقۇڭلار، ھايات رىئاللىقىڭلاردا سۈننەتنى تىرىلدۈرۈڭلار. بۇ سۈننەتكە سىلەردىن باشقا يەنە كىم لايىق؟!

سۈننەتلەرنى تەتبىقلاش — پەيغەمبەر ﷺ نى مۇكەممەل ياخشى كۆرۈشنىڭ دەلىلىدۇر ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە راستچىللىق بىلەن ئەگىشىشنىڭ ئالامىتىدۇر.

## ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىكى سۈننەتلەر

### 1. قولى بىلەن يۈزىنى سىلاپ ئۇيقۇنىڭ تەسىرىنى كەتكۈزۈش.

بۇنداق قىلىشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكىگە ئىمام نەۋەۋى ۋە ئىبنى ھەجەر مۇنۇ ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، ئولتۇرۇپ يۈزىنى سىلاپ يۈزىدىن ئۇيقۇنىڭ تەسىرىنى كەتكۈزەتتى» .[1]

### 2. دۇئا قىلىش.

(پەيغەمبەر ﷺ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا مۇنداق دۇئا قىلاتتى:) «اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَحْيَانَا بَعْدَ مَا أَمَاتَنَا وَإِلَيْهِ النُّشُورُ» «جىمى ھەمدۇ-سانالار بىزنى ۋاپات تاپقۇزغاندىن كېيىن

(1) مۇسلىم توپلىغان.

تىرىلدۈرىدىغان ئاللاھ قا خاستۇر، ھەممە ئاللاھ تەرەپكە قايتىدۇ». [1]

### 3. مىسۋاك ئىشلىتىش.

«پەيغەمبەر ﷺ كېچىدە ئويغانسا ئېغىزىنى مىسۋاكلايتتى.» [2]

### ❖ مىسۋاك قىلىشنىڭ ھېكمىتى

1. چىشنى ياخشىلايدۇ ۋە جانلىق قىلىدۇ.

2. ئېغىزدىكى غەيرى پۇراقنى يوقىتىدۇ.

## ھاجەتخانىغا كىرگەن ـ چىققاندىكى سۈننەتلەر

### 1. ھاجەتخانىغا كىرگەندە سول پۇتى

(1) بۇخارى توپلىغان.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**بىلەن كىرىش، چىققاندا ئوڭ پۇتى بىلەن چىقىش.**

**2. ھاجەتخانىغا كىرىشتىن بۇرۇن دۇئا قىلىش.**

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبُثِ وَالْخَبَائِثِ»

«ئى الله ! ساڭا سېغىنىپ ئەركەك ۋە چىشى شەيتانلارنىڭ(يامانلىقىدىن)پاناھتىلەيمەن». [1]

**3. ھاجەتخانىدىن چىققاندا دۇئا قىلىش.**

«غُفْرَانَكَ»«مەغپىرىتىڭنى(تىلەيمەن)». [2]

بىر كىشى ھاجەتخانىغا بىر كېچە-كۈندۈزدە بىر نەچچە قېتىم كىرىدۇ. ھاجەتخانىغا كىرىپ-چىققاندا دائىم مۇشۇ سۈننەتلەرنى ئۆزگە تەتبىقلىسا كىرگەندە

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

(2) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئىككى سۈننەتنى، چىققاندا ئىككى سۈننەتنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

## تاھارەت ئېلىش جەريانىدىكى سۈننەتلەر

**1. «بِسْمِ اللَّهِ» دېيىش.**

**2. تاھارەت ئېلىشتىن بۇرۇن ئىككى قولنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش.**

**3. يۈزنى يۇيۇشتىن ئىلگىرى ئېغىز - بۇرۇنغا سۇ ئېلىش.**

**4. بۇرۇننى سول قولى بىلەن چايقاش.**

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىم يۇيدى، ئاندىن ئېغىزىنى غار - غار قىلدى ۋە بۇرۇنغا سۇ ئېلىپ چايقىدى، ئاندىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇيدى»[1].

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## 5. روزا تۇتقۇچىدىن باشقا كىشىلەر ئېغىزىنى غار - غار قىلغاندا ۋە بۇرنىغا سۇ ئالغاندا چېكىگە يەتكۈزۈش.

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئەگەر روزىدار بولمىساڭ، ئېغىز - بۇرنۇڭغا تولۇق سۇ ئېلىپ ئوبدان چايقىغىن».(1)

ئېغىزغا سۇ ئېلىشتا چېكىگە يەتكۈزۈش دېگىنىمىز — ئېغىزنىڭ ھەممە يېرىدە سۇنى ئايلاندۇرۇشتۇر. بۇرنىغا سۇ ئېلىشتا چېكىگە يەتكۈزۈش دېگىنىمىز — سۇنى بۇرۇننىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىگىچە يەتكۈزۈشتۇر.

## 6. ئېغىز - بۇرنىغا سۇ ئېلىشتا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋەتمەستىن

---

(1) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

بىر ئوچۇم سۇدا ئېلىش.

«پەيغەمبەر ﷺ قولىنى سۇغا سالدى ۋە ئېغىز-بۇرنىنى بىر ئوچۇم سۇ بىلەن ئۈچ قېتىمدىن چايقىدى.»[1]

**7. ئېغىز چايقىغاندا مىسۋاك ئىشلىتىش.**

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئۈممىتىمگە قىيىنچىلىق بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىگەن بولسام ئۇلارنى ھەر تاھارەتتە مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇغان بولاتتىم».[2]

**8. ساقىلى قويۇق بولسا يۈزىنى يۇيغاندا ئارىلاش.**

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ﷺ تاھارەت ئالغاندا ساقىلىنى ئاربلايتتى.»[1]

## 9. باشقا مەسىھى قىلىش.

باشقا مەسىھى قىلىشنىڭ شەكلى: بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلاپ گەدەنىنىڭ ئاخىرىغىچە يەتكۈزۈش، ئاندىن ئالدى تەرەپكە يەنە بىر قېتىم قايتىش ئەمما ۋاجىب بولغان مەسھى قىلىش بولسا قايسى شەكىلدە بولمىسۇن بېشىنىڭ ھەممە يېرىگە مەسھى قىلىشتۇر. «پەيغەمبەر ﷺ بېشىغا مەسھى قىلغاندا، قولىنى بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلاپ گەدىنىگىچە سۈرتۈپ، ئاندىن گەدىنىدىن بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىگىچەياندۇرۇپ كەلدى.»[2]

## 10. قول - پۇت بارماقلىرىنىڭ

(1) تىرمىزى توپلىغان.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئارىسىنى ئارىلاش.

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «تاھارەتنى كامىل ئالغىن، بارماقلارنىڭ ئارىسىنى ئارىلىغىن.»[1]

**11. ئوڭ تەرەپتىن باشلاش.**

يەنى ئىككى پۇتى ۋە ئىككى قولىنى يۇيغاندا ئاۋۋال ئوڭدىن باشلاش. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئاياغ كىيىش ۋە تاھارەت ئېلىشتا ئوڭدىن باشلاش پەيغەمبەر ﷺ نى خۇرسەن قىلاتتى».[2]

**12. يۈز، ئىككى قول (ئىككى بىلەك) ۋە ئىككى پۇتنى يۇيغاندا بىردىن ئاشۇرۇپ ئۈچ قېتىمغىچە يۇيۇش.**

(1) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## 13. تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى دېيىش.

يەنى «أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ» «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، اللّٰه تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ ئۇ زاتنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر» دېيىش.

**بۇنىڭ پايدىسى:** «ئۇنى دېگەن كىشىگە جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسىنىڭ ھەممىسى ئېچىلىدۇ، ئۇ كىشى قايسى ئىشىكتىن كىرىشنى خالىسا شۇنىڭدىن كىرىدۇ».(1)

## 14. تاھارەتنى ئۆيدە ئېلىش.

(1) مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆيىدە تاھارەت ئېلىپ مەسجىدكە پەرز نامازلارنى ئوقۇغىلى بارسا، ئۇنىڭ باسقان قەدەملىرىنىڭ بىرى خاتالىقنى ئۆچۈرسە، يەنە بىرى ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ».[1]

### 15. سىلاش.

يەنى ئەزالىرىنى قولى بىلەن سىلاپ يۇيۇش.

### 16. سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش.

«پەيغەمبەر ﷺ بىر مۇد[2] سۇ بىلەن تاھارەت ئالاتتى»[3].

### 17. توت ئەزانى (ئىككى پۇت ۋە ئىككى قولنى) پەرز بولغان ئورنىدىن ئۆتكۈزۈپ يۇيۇش.

---

(1) مۇسلىم توپلىغان.
(2) بىر مۇد ــ 0.83 لىتىرغا تەڭ.
(3) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

«ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاھارەت ئېلىپ، قوللىرىنى جەينىكىدىن ئۆتكۈزۈپ يۇيدى، ئاندىن پۇتلىرىنىمۇ پاچىقىغا قەدەر يۇيۇپ بولۇپ: <مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇشۇنداق تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەن> دېدى». [1]

## 18. تاھارەت ئالغاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ماڭا ئوخشاش تاھارەت ئېلىپ، كۆڭلىگە بىر نەرسىنى كەلتۈرمەي ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ». [2] ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە: «ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
(2) بۇخارى توپلىغان.

بولدى» دېيىلگەن.[1]

**19. تاھارەتنى كامىل ئېلىش — يۇيۇلىدىغان ھەربىر ئەزانى تولۇق، مۇكەممەل ۋە تەپسىلىي يۇيۇش دېمەكتۇر.**

مۇسۇلمان كىشى بىر كېچە-كۈندۈزدە بىر قانچە قېتىم تاھارەت ئالىدۇ، بەزىلەر بەش قېتىم تاھارەت ئالسا، يەنە بەزىلەر چاشگاھ نامىزى، كېچىلىك قىيام ۋە ئىستىخارە نامىزى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كۆپرەك تاھارەت ئالىدۇ. ئەگەر شۇلارنىڭ ھەممىسىدە تاھارەت ئېلىشتىكى سۈننەتلەرنى تەتبىقلىسا ۋە تەكرارلىسا، ئۇ كاتتا ئەجىرنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

**❖تاھارەت ئالغاندا يۇقىرىقى سۈننەتلەرنى تەتبىقلاشنىڭ پايدىسى**

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى

(1) مۇسلىم توپلىغان.

بىزگە ئۇ پايدىلارنى بايان قىلىپ بېرىدۇ: «كىمكى تاھارەتنى كامىل ئالسا، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى پۈتۈن بەدىنىدىن، ھەتتا تىرناقلىرىنىڭ ئاستىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇ».[1]

## مىسۋاك قىلىش

مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىر كېچە-كۈندۈزدە مىسۋاك ئىشلىتىدىغان بىر قانچە ۋاقتى بار.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۈممىتىمگە قىيىنچىلىق بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىگەن بولسام، ئۇلارنى ھەر نامازدا مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇيتتىم».[2]

(1) مۇسلىم توپلىغان.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىر كېچە-كۈندۈزدە 20 قېتىمدىن ئارتۇق مىسۋاك ئىشلىتىدىغان ۋاقتى بولۇپ، بەش ۋاق نامازدا، تەرتىپلەنگەن سۈننەتلەردە، چاشگاھ نامىزىدا، ۋىتىر نامىزىدا ۋە ئۆيگە كىرگەندە مىسۋاك ئىشلىتىدۇ.

«سەھىھ مۇسلىم»دا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن نەقىل قىلىنغىنىدەك، پەيغەمبەر ﷺ ئۆيگە كىرگەندە تۇنجى قىلىدىغان ئىشى مىسۋاك قىلىش ئىدى. سۈننەتكە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ ئۆيگە كىرگەندە تۇنجى قىلىدىغان ئىشىمۇ مىسۋاك ئىشلىتىش ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ قۇرئان ئوقۇغاندا، ئېغىز پۇرىقى ئۆزگىرىپ قالغاندا، ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ۋە تاھارەت ئالغاندا مىسۋاك ئىشلىتەتتى.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مىسۋاك

ئېغىزنى پاكلايدۇ، اللە نى رازى قىلىدۇ». [1]

**❖بۇ سۈننەتنى تەتبىقلاشنىڭ پايدىلىرى**

1. اللە سۇبھانەھۇ ۋە تائالا شۇ بەندىدىن رازى بولىدۇ.

2. ئېغىزنى پاكلايدۇ.

## ئاياغ كىيىشتىكى سۈننەتلەر

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئاياغ كىيگەندە ئاۋۋال ئوڭ پۇتىغا كىيسۇن، سالغاندا سول پۇتىدىكىنى ئاۋۋال سالسۇن. ئاياغ كىيسە ئىككىلى پۇتىغا كىيسۇن، بولمىسا (بىر پاي ئاياغ بىلەن يۈرگەندىن كۆرە) ئىككىلى

(1) ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

پۈتىغا ئاياغ كىيمەي يالاڭئاياغ يۈرسۇن».[1]

بۇ سۈننەت مۇسۇلمانلارنىڭ كېچە-كۈندۈزلۈك پائالىيەتلىرىدە كۆپ تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۆي، مەسجىد ۋە مۇنچىغا (هاجەتخانىغا) كىرىپ-چىقىش ھەمدە سىرتلاردا خىزمەتكە بېرىپ-كېلىش جەريانىدا ئاياغنى كىيىپ-سېلىش كۆپ تەكرارلىنىدۇ: مۇسۇلمان كىشى ئاياغنى كىيىپ-سېلىشتا سۈننەتنى ئادا قىلىشنى نىيەت قىلسا، كاتتا ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ جىم تۇرۇشى ياكى ئىش-ھەركىتىنىڭ ھەممىسى سۈننەتنىڭ ئۈستىدە بولغان بولىدۇ.

## كىيىم كىيىشتىكى سۈننەتلەر

(1) مۇسلىم توپلىغان.

كۆپلىگەن كىشىلەر يۇيۇنۇش، ئۇخلاش ياكى باشقا ئىشلار ئۈچۈن بىر كېچە-كۈندۈزدە بىر قانچە قېتىم كىيىم كىيىش ۋە سېلىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

## 1. كىيىم كىيىش ۋە سېلىشنىڭ سۈننەتلىرى

كىيىم كىيگەندە ياكى سالغاندا «بِسْمِ اللَّهِ»[1] دېيىش.

ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دېگەن: «ھەممە ئىشلاردا ‹بِسْمِ اللَّهِ› دېيىش مۇستەھەبتۇر».

## 2. پەيغەمبەر ﷺ بىرەر كىيىم، كۆينەك، تون ۋە ياكى سەللە كىيگەندە:

«اللَّهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ كَسَوْتَنِيهِ، أَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِهِ وَخَيْرِ مَا صُنِعَ لَهُ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهِ وَشَرِّ مَا صُنِعَ لَهُ» «ئى الله! ساڭا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇنكى،

(1) تەرجىمىسى: الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

بۇ كېيىمنى ماڭا سەن كىيدۈردۈڭ، سەندىن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە ئۇنى ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىشنى تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇنى يامان ئىشلارغا ئىشلىتىشتىن پاناھ تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلاتتى.[1]

### 3. كىيىمنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ كىيىش.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىيىم كىيگەندە ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ كىيىڭلار».[2]

### 4. ئىشتان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر

---

(1) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر، ئەلبانى، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

(2) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

قانداق كىيىمنى سول تەرەپتىن باشلاپ سېلىش.

## (ئۆيگە) كىرىپ ـ چىقىشتىكى سۈننەتلەر

ئىمام نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «‹بِسْمِ اللَّهِ› دېيىش، الله نى كۆپ زىكىر قىلىش ۋە سالام قىلىش مۇستەھەبتۇر».

**1. ئۆيگە كىرگەندە الله نى زىكىر قىلىش.**

پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر كىشى ئۆيگە كىرگەندە ۋە تاماق يېگەندە ‹بىسمىللاھ› دېسە، شەيتان ھەمراھلىرىغا: ‹سىلەرگە بۇ يەردە قونالغۇ جايمۇ، كەچلىك تاماقمۇ يوق بولدى› دەيدۇ».[1]

(1) مۇسلىم توپلىغان.

## 2. ئۆيگە كىرگەندە دۇئا قىلىش.

پەيغەمبەر ﷺ ئۆيگە كىرگەندە: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَ الْمَوْلَجِ وَخَيْرَ الْمَخْرَجِ بِسْمِ اللَّهِ وَلَجْنَا وَبِسْمِ اللَّهِ خَرَجْنَا وَعَلَى اللَّهِ رَبِّنَا تَوَكَّلْنَا» «ئى الله! كىرىدىغان ئورۇننىڭ ياخشىلىقىنى ۋە چىقىدىغان ئورۇننىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن. الله نىڭ ئىسمى بىلەن كىردۇق، الله نىڭ ئىسمى بىلەن چىقىمىز. ئى رەببىمىز الله! ساڭىلا تەۋەككۈل قىلدۇق» دەيتتى، ئاندىن ئائىلىسىدىكىلەرگە سالام بېرەتتى.[1]

مۇسۇلمان كىشى ئۆيگە كىرگەندە ۋە چىققاندا الله قا تەۋەككۈل قىلىشنى ھېس قىلىدۇ-دە، دائىم الله قا باغلىنىپ تۇرىدۇ.

## 3. مىسۋاك ئىشلىتىش.

«پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيگە كىرگەندىكى

(1) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

تۇنجى ئىشى مىسۋاك ئىشلىتىش ئىدى.»[1]

### 4. سالام قىلىش.

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا دَخَلْتُمْ بُيُوتًا فَسَلِّمُوا عَلَى أَنْفُسِكُمْ تَحِيَّةً مِنْ عِنْدِ اللَّهِ مُبَارَكَةً طَيِّبَةً﴾ «سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۆزۈڭلارغا (يەنى ئۆيدىكى كىشىلەرگە) ﷲ بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار (يەنى <ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم> دەڭلار)».[2]

ئەگەر بىز بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ مەسجىدتە پەرز نامازنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىشىنى پەرەز قىلىپ باقساق، ئەلۋەتتە ئۇ بىر كېچە-كۈندۈزدىكى ئۆيگە كىرىشىدە يۇقىرىقى سۈننەتلەرنى جەمئىي 20 قېتىم ئادا قىلغان بولىدۇ.

كىمكى ئۆيدىن چىققاندا: «<بِسْمِ

(1) مۇسلىم توپلىغان.

(2) سۈرە نۇر 61-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

اللَّهِ تَوَكَّلْتُ عَلَى اللَّهِ ولاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ› ‹الله نىڭ ئىسمى بىلەن چىقىمەن، الله قا تەۋەككۈل قىلدىم، كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت الله قا خاستۇر› دېسە، ئۇ كىشىگە: ‹كۈپايە قىلىندىڭ، يامانلىقتىن ساقلاندىڭ، ھىدايەت قىلىندىڭ ۋە سەندىن شەيتان يىراق بولدى› دېيىلىدۇ».[1]

مۇسۇلمان كىشى بىر كېچە-كۈندۈزدە ئۆيدىن بىرقانچە قېتىم چىقىدۇ. مەسىلەن، مەسجىدتە ناماز ئوقۇش، خىزمەت قىلىش ۋە ئۆي ئىشلىرىنى بىجىرىش... ۋەھاكازالار. ئۆيدىن چىققاندا بۇ سۈننەتلەرنى تەتبىقلىسا كاتتا ياخشىلىق ۋە بۈيۈك ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.

---

(1) تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

### ❖ ئۆيدىن چىققاندا بۇ سۈننەتلەرنى تەتبىقلاشنىڭ پايدىلىرى

1. بۇ سۈننەتلەر ــ بەندىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك غەملىرىگە كۇپايە قىلىدۇ.

2. جىن بولسۇن ياكى ئىنسان بولسۇن، پۈتكۈل يامانلىق ۋە بارلىق ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنالايدۇ.

3. بەندە ھىدايەتكە ئېرىشىدۇ. ھىدايەت ئازغۇنلۇقنىڭ قارشىسى بولۇپ، الله تائالا بۇ ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىدە سىزنى توغرىلىققا يېتەكلەيدۇ.

## مەسجىدكە بېرىش جەريانىدىكى سۈننەتلەر

### 1. مەسجىدكە بۇرۇن بېرىش.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر كىشىلەر ئەزاننىڭ ۋە ئاۋۋالقى سەپتە ناماز

ئوقۇشنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن چەك تاشلاشقا توغرا كەلگەندىمۇ، (ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن) ئەلۋەتتە چەك تاشلاشقان بولاتتى. ئەگەر ئۇلار نامازغا ئالدىراشنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، نامازغا چوقۇم بالدۇر كېلەتتى. ئەگەر ئۇلار خۇپتەن ۋە بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇغاننىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇلار ئۆمىلەپ بولسىمۇ كەلگەن بولاتتى».[1]

## 2. مەسجىدكە ماڭغاندا ئوقۇلىدىغان

**دۇئا :** «اللهُمَّ اجْعَلْ فِي قَلْبِي نُورًا، وَفِي لِسَانِي نُورًا، وَاجْعَلْ فِي سَمْعِي نُورًا، وَاجْعَلْ فِي بَصَرِي نُورًا، وَاجْعَلْ مِنْ خَلْفِي نُورًا، وَمِنْ أَمَامِي نُورًا، وَاجْعَلْ مِنْ فَوْقِي نُورًا، وَمِنْ تَحْتِي نُورًا، اللهُمَّ أَعْطِنِي نُورًا» «ئى الله ! قەلبىمدە نۇرنى قىلغىن، تىلىمدا

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

نۇرنى قىلغىن، قۇلىقىمدا نۇرنى قىلغىن، كۆزۈمدە نۇرنى قىلغىن، ئارقامدا نۇرنى قىلغىن، ئالدىمدا نۇرنى قىلغىن، ئۈستۈمدە نۇرنى قىلغىن، ئاستىمدا نۇرنى قىلغىن. ئى الله ! ماڭا نۇر ئاتا قىلغىن». [1]

### 3. ئېغىر- بېسىق ۋە تەمكىنلىك بىلەن مېڭىش.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەر تەكبىرنى ئاڭلىساڭلار، نامازغا ئېغىر- بېسىق ۋە تەمكىنلىك بىلەن مېڭىڭلار». [2]

ئېغىر- بېسىقلىق — ھەرىكەتلەردە سالماق بولۇش، بىھۇدە ئىشلاردىن ساقلىنىش دېمەكتۇر؛ تەمكىنلىك — پەسكە قاراش، ئاۋازنى تۆۋەن قىلىش، ئۇياق- بۇياققا قارىماسلىق دېمەكتۇر.

### 4. مەسجىدكە پىيادە مېڭىپ بېرىش.

(1) مۇسلىم توپلىغان.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

فىقھشۇناس ئالىملار مەسجىدكە كۆپ قەدەم ئېلىپ بېرىشنىڭ پەزىلىتىنى بىلدۈرىدىغان دەلىللەرگە شەرئىي ئاساسلىنىپ، مەسجىدكە قەدەملىرىنى كىچىك ئېلىپ ئالدىرىماي مېڭىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ: «مەن سىلەرگە بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟! الله تائالا ئۇنى قىلغۇچىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرۈپ، دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «بولىدۇ ئى رەسۇلۇللاھ!» دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ شۇ ئىشلارنىڭ قاتارىدا مەسجىدكە كۆپ قەدەم ئېلىپ بېرىشنى تىلغا ئالدى.[1]

**5. مەسجىدكە كىرگەندە:** «اللَّهُمَّ افْتَحْ لِي

(1) مۇسلىم توپلىغان.

أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ» «ئى الله ! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ بەرگىن» **دېگەن دۇئانى ئوقۇش.**[1] پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەسجىدكە كىرگەندە، الله نىڭ رەسۇلىغا سالام يوللاڭلار (يەنى <بِسْمِ اللَّهِ، والصَّلاةُ والسَّلامُ عَلَى رَسُولِ اللَّهِ>[2] نى ئوقۇڭلار) ۋە: <اللَّهُمَّ افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ> <ئى الله ! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ بەرگىن> دەڭلار» .[3]

## 6. مەسجىدكە كىرگەندە ئوڭ پۇتى بىلەن كىرىش.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

(1) مۇسلىم توپلىغان.
(2) الله نىڭ نامى بىلەن كىرىمەن، الله نىڭ ئەلچىسىگە رەھمەت ۋە سالاملار بولسۇن.
(3) نەسائى، ئىبنى ماجە، ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

«سىنىڭ مەسجىدكە كىرگەندە ئوڭ پۇت بىلەن كىرىشىڭ، چىققاندا سول پۇت بىلەن چىقىشىڭ سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر» .[1]

## 7. ئاۋۋالقى سەپكە ئالدىراش.

«ئەگەر كىشىلەر ئەزاننىڭ ۋە ئاۋۋالقى سەپتە ناماز ئوقۇشنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن چەك تاشلاشقا توغرا كەلگەندىمۇ، ئەلۋەتتە چەك تاشلاشقان بولاتتى.»[2]

## 8. مەسجىدتىن چىققاندا دۇئا ئوقۇش.

پەيغەمبەر ﷺ: «بىرىڭلار مەسجىدتىن چىققاندا: ‹اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ› ‹ئى اللە! پەزلى ـ رەھمىتىڭدىن سورايمەن› دېسۇن» دېگەن.[3]

---

(1) ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

(3) مۇسلىم توپلىغان. نەسائى: «مەسجىدتىن چىققاندا پەيغەمبەر ﷺ گە دۇرۇت يوللايدۇ» دەپ قوشۇپ قويغان.

### 9. مەسجىدتىن سول پۇتى بىلەن چىقىش.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزى يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

### 10. تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى ئوقۇش.

(پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:) «سىلەرنىڭ قايسى بىرىڭلار مەسجىدكە كىرسە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇماستىن ئولتۇرمىسۇن».[1]

ئىمام شافىئىي مۇنداق دېگەن: «تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى ئوقۇش — ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن ۋاقىتلاردىمۇ دۇرۇستۇر».

ھافىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: «پەتىۋا بەرگۈچى ئالىملار تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزىنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن».

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مۇسۇلمان كىشى بەش ۋاق ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە بېرىپ، ھەر ۋاق نامازدا يۇقىرىقى سۈننەتلەرنى تەتبىقلاشقا ھېرىسمەن بولسا، دېمەك بىر كۈندە يۇقىرىقى سۈننەتلەرنى جەمئىي 50 قېتىم ئادا قىلغان بولىدۇ.

## ئەزاننىڭ سۈننەتلىرى

خۇددى ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) «زاد المعاد» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغاندەك، ئەزاننىڭ سۈننەتلىرى بەشتۇر:

**1. ئەزاننى ئاڭلىغۇچى خۇددى مۇئەززىن دېگەنگە ئوخشاش دېيىشى لېكىن «حي على الصلاة»، «حي على الفلاح» دېگەندە: «لا حول ولا قوة إلا باللَّه»[1] دېيىشى كېرەك.**

**بۇ سۈننەتنى تەتبىقلاشنىڭ پايدىسى:**

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

«سەھىھ مۇسلىم»دىكى ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك، بۇ سۈننەت سىزگە جەننەتنى ۋاجىب قىلىدۇ.[1]

## 2. ئەزاننى ئاڭلىغۇچى مۇنداق

دەيدۇ: «وَأَنَا أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ رَضِيتُ بِاللَّهِ رَبًّا، وَبِمُحَمَّدٍ رَسُولاً وَبِالإِسْلاَمِ دِينًا» «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ﷲ تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مۇھەممەد ﷺ ﷲ نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر. ﷲ نىڭ رەببىم ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ﷺ نىڭ پەيغەمبىرىم ئىكەنلىكىگە، ئىسلامنىڭ

(1) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئەززىن ئەزان ئوقۇغاندا، مۇئەززىننىڭ ئوقۇغىنىنى ئىچىدە چىن قەلبىدىن تەكرارلىغان، مۇئەززىن: ‹حي على الصلاة›، ‹حي على الفلاح› دېگەندە، ‹لا حول ولا قوة إلا باللّٰه› دېگەن ۋە مۇئەززىنگە ئاخىرىغىچە ئەگەشكەن كىشى جەننەتكە كىرىدۇ».

دىنىم ئىكەنلىكىگە رازى بولدۇم». [1]

**بۇ سۈننەتنى تەتبىقلاشنىڭ پايدىسى:**

ھەدىستە كەلگەندەك، ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

## 3. مۇئەززىنگە ئىجابەت قىلغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە دۇرۇت يوللاش.

رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يوللىنىدىغان ئەڭ مۇكەممەل دۇرۇت «الصلاة الإبراهيمية» بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇكەممەل دۇرۇت يوق. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزى بۇنىڭغا دەلىلدۇر: «ئەزاننى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا مۇئەززىن نېمە دېسە شۇنى دەڭلار، ئاندىن ماڭا دۇرۇت ئېيتىڭلار. كىمكى ماڭا بىر دۇرۇت ئېيتسا، شۇ سەۋەبلىك الله تائالا ئۇنىڭغا ئون رەھمەت ئاتا قىلىدۇ». [2]

(1) مۇسلىم توپلىغان.
(2) مۇسلىم توپلىغان.

**بۇ سۈننەتنى تەتبىقلاشنىڭ پايدىسى:**

الله تائالا بەندىلىرىگە ئۇن قېتىم رەھمەت يوللايدۇ.

الله تائالانىڭ بەندىسىگە رەھمەت يوللىشى — الله تائالانىڭ ئۇ كىشىنى پەرىشتىلەر ئىچىدە ماختىشىدۇر.

«الصلاة الإبراهيمية» دېگەن: «اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ، اللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ» «ئى الله! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغىمۇ رەھمەت قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق ۋە ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك زاتتۇرسەن. ئى الله! ئىبراھىم

ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغىمۇ بەرىكەت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق ۋە ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك زاتتۇرسەن».[1]

**4. پەيغەمبەر ﷺ گە دۇرۇت يوللاپ بولغاندىن كېيىن:** «اللَّهُمَّ رَبَّ هَذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلاَةِ الْقَائِمَةِ آتِ مُحَمَّدًا الْوَسِيلَةَ وَالْفَضِيلَةَ وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا الَّذِي وَعَدْتَهُ» «بۇ ئۇلۇغ چاقىرىقنىڭ ۋە ھازىرقى نامازنىڭ رەببى الله! مۇھەممەد ﷺ گە يېقىنلىق ۋە پەزىلەت ئاتا قىلغىن، ئۇنى ئۆزۈڭ ۋەدە قىلغان ماقامى مەھمۇد (يەنى قىيامەت كۈنىدىكى شاپائەت مەرتىۋىسى) گە ئېرىشتۈرگىن» **دېيىش.**[2]

(1) بۇخارى توپلىغان.
(2) بۇخارى توپلىغان.

**بۇ دۇئانى ئوقۇشنىڭ پايدىسى:**
كىمكى بۇ دۇئانى ئوقۇسا، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدۇ.

**5. ئۇنىڭدىن كېيىن الله نىڭ پەزلى- مەرھەمىتىنى سوراپ ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلسا دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ.**

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سەن مۇئەززىن دېگەنگە ئوخشاش دېگىن. ئەزان تۈگىگەندىن كېيىن الله تىن نېمىنى سورىساڭ شۇنى بېرىدۇ».[1]

دېمەك، مۇسۇلمان كىشى ئەزان ئاڭلىغاندا تەتبىقلاشقا ھېرىسمەن بولۇشقا تېگىشلىك جەمئىي 25 سۈننەت بار.

## تەكبىر چۈشۈرۈشتىكى سۈننەتلەر

(1) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان. ھافىز ئىبنى ھەجەر «ھەسەن» دېگەن، ئىبنى ھىببان «سەھىھ» دېگەن.

ئىلمىي تەتقىقات ۋە پەتىۋا بېرىش دائىمىي كومىتېتىنىڭ پەتىۋاسىغا ئاساسەن، نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۈننەتلەرنىڭ ئاۋۋالقى تۆتىگە ئەمەل قىلىنىدۇ.[1] ھەر بىر ناماز ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىلغاندا يۇقىرىقى سۈننەتلەرگە ئەمەل قىلىنسا، (بەش ۋاق نامازدا) جەمئىي 20 سۈننەتنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

الله نىڭ بۇيرۇقىنى تولۇق ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەزان ۋە تەكبىردە تۆۋەندىكى ئىشلارغا رىئايە قىلىش مۇستەھەب بولىدۇ:

---

(1) بۇ مەسىلە ھەققىدە ئالىملار ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بەزى ئالىملار: «ئىلمىي تەتقىقات ۋە پەتىۋا بېرىش كومىتېتى بەرگەن پەتىۋاغا ئوخشاش، تەكبىردىمۇ ئەزاندىكى سۈننەتلەرنىڭ ئەۋۋەلقى تۆتىگە ئەمەل قىلىنىدۇ» دەپ قارايدۇ؛ يەنە بەزى ئالىملار: «تەكبىردە پەقەت ئەزاندىكى سۈننەتلەرنىڭ بىرىنچىسىگىلا ئەمەل قىلىنىدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇ مەسىلىدە كېيىنكى ئالىملارنىڭ قارىشى كۈچلۈكتۇر — تەرجىماندىن.

1. ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇغاندا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش.

2. ئۆرە تۇرغان ھالەتتە ئوقۇش.

3. ئەزاننى تاھارەت بىلەن ئوقۇش سۈننەتتۇر ئەمما تەكبىر چۈشۈرگەندە تاھارەتنىڭ بولۇشى شەرتتۇر، شۇنداقتىمۇ «تاھارىتىم بار» دەپ گۇمان قىلىپ تەكبىر چۈشۈرگەن بولسا دۇرۇس بولىدۇ.

4. ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىلىقىدا، بولۇپمۇ تەكبىر بىلەن ناماز ئارىلىقىدا سۆزلىمەسلىك.

5. تەكبىر ئېيتىۋاتقاندا مۇقىم بىر جايدا تۇرۇش.

6. ئەزان ئېيتقاندا ھەربىر بۆلەكتىكى الله دېگەن لەۋزىنىڭ «ئەلف» بىلەن «ھ» سىنى ئوچۇق ئېيتىش، تەكبىر ئېيتقاندا

ھەربىر بوّلەكنى تېز ۋە ئارقىمۇئارقا ئوقۇش.

7. ئەزان ئېيتقاندا ئىككى بارمىقىنى ئىككى قۇلىقىنىڭ ئىچىگە تىقىش.

8. ئەزان ئېيتقاندا تەكبىر چۈشۈرگەنگە قارىغاندا ئاۋازنى سەل سوزۇش ۋە كوّتۈرۈش.

9. ھەدىسلەردە ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىلىقىدىكى مۇددەت ھەققىدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغۇدەك ياكى سەجدە قىلغۇدەك ۋاقىت ۋە ياكى تەسبىھ ئېيتىش، ياكى ئولتۇرۇش، ياكى سوّزلەش يېتەرلىك دەپ تىلغا ئېلىنغان. شام نامىزىدا ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىلىقىدىكى مۇددەتكە بىر تىنىغۇدەك ۋاقىت كۇپايە قىلىدۇ دەپ تىلغا ئېلىنغان.

10. ھەدىسلەردە كەلگىنىدەك، بامدات نامىزىنىڭ ئەزىنى بىلەن تەكبىرى ئارىلىقىدا سۆزلەش مەكرۇھتۇر. بەزى فىقھشۇناس ئالىملار: «بۇلارنىڭ ئارىسىنى بىر قەدەم ئېلىش بىلەن ئايرىش كۇپايە قىلىدۇ» دېگەن. بۇ ھەقتە يول كەڭرى بولغانلىقى ئۈچۈن قايسى خىل يول ئارقىلىق ئايرىسا دۇرۇستۇر.

11. مەيلى (مەلۇم بىر ئىشنى) ئېلان قىلىش ئەزىنى بولسۇن ياكى نامازنىڭ ئەزىنى بولسۇن، ئەزان ئاڭلىغۇچى ئەزان لەۋزىلىرىنى شۇنىڭغا ئوخشاش تەكرارلايدۇ، تەكبىر چۈشۈرگەندىمۇ ھەم شۇنداق. لېكىن تەكبىر چۈشۈرگەندىكى «قد قامت الصلاة» نى ئاڭلىغاندا «لا حول ولا قوة إلا بالله» دەيدۇ.

## ناماز ئوقۇغاندا ئالدىغا سۇترە قىلىش

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار سۇترىگە قاراپ ناماز ئوقۇماقچى بولسا، ئۇنىڭغا يېقىن تۇرسۇن. سۇترە بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا بىرەر ئادەمنىڭ ئۆتۈشىگە يول قويمىسۇن»[1].

مەيلى مەسجىدتە ياكى ئۆيدە بولسۇن، مەيلى ئەر ياكى ئايالنىڭ نامىزى بولسۇن، ناماز ئوقۇغاندا سۇترە قىلىپ ئوقۇشى سۈننەت بولۇپ، بەزى مۇسۇلمانلار بۇ سۈننەتتىن ئۆزىنى مەھرۇم قويىدۇ. بىز سۇترە قىلماي ناماز ئوقۇغانلارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز.

ئەگەر مۇسۇلمان كىشى بۇ سۈننەتنى راۋاتىب سۈننەتلەر، چاشگاھ، تەھىييەتۇل

(1) ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى خۇزەيمە توپلىغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مەسجىد ۋە ۋىتىر نامازلىرىدا ئادا قىلسا، دېمەك، بىر كېچە-كۈندۈزدە بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىدۇ. شۇنداقلا ئايال كىشىمۇ ھەم ئۆيدە يالغۇز ناماز ئوقۇغاندا ۋە پەرز نامىزىدا تەكرارلىنىدۇ. ئەمما، جامائەت نامىزىدا ئىمام جامائەتكە نىسبەتەن سۈترە بولىدۇ.

## سۈترە قىلىش توغرىسىدىكى مەسىلىلەر

ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ قىبلە تەرىپىگە تىكلەنگەن تام، تۈۋرۈك ۋە ھاسىغا ئوخشاش ھەرقانداق نەرسە بىلەن سۈترە ھاسىل بولىدۇ. سۈترىنىڭ كەڭلىكى ھەققىدە ئۆلچەم ياكى بەلگىلىمە يوق.

ئەمما، سۈترىنىڭ ئېگىزلىكى ئېگەرنىڭ ئۇتقۇسىدىن ئېگىز، يەنى تەخمىنەن بىر غېرىچتىن ئېگىز بولسا بولىدۇ.

ئىككى پۇتى بىلەن سۇترىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن ئۈچ گەز بولىدۇ، يەنى سۇترە ئۇ كىشى سەجدە قىلىش ئىمكانىيىتى بولغۇدەك يىراقلىقتا قويۇلىدۇ.

بىر كىشى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغان بولسۇن ياكى يالغۇز ناماز ئوقۇغان بولسۇن، پەرز ناماز ئوقۇغان بولسۇن ياكى سۈننەت ناماز ئوقۇغان بولسۇن ئالدىغا سۇترە قويۇلىدۇ.

ئىمامنىڭ سۇترىسى جامائەتكىمۇ سۇترە بولىدۇ، شۇڭا (جامائەت بولۇپ ئوقۇلغان نامازدا) بىر كىشىنىڭ بىرەر ھاجەت سەۋەبىدىن جامائەتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشى دۇرۇس.

❖بۇ سۈننەتنى تەتبىقلاشنىڭ پايدىلىرى

1. ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچى ــ نامازنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىدىغان بىرى بولسۇن ياكى نامازنى بۇزىدىغان بىرى بولسۇن، سۇترە نامازنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلايدۇ. (ئايال كىشى، ئېشەك ياكى قارا ئىت قاتارلىقلار ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشى بىلەن ناماز بۇزۇلىدۇ.)

2. سۇترە نامازخاننى باشقىلارغا ۋە ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكۈچىلەرگە قاراشتىن توسىدۇ چۈنكى سۇترە ئىگىسى كۆپىنچە ئەھۋالدا سۇترىنىڭ ئاستىغا قارايدۇ-دە، ئۇنىڭ ئەس-يادى ناماز ئىچىدە بولىدۇ.

3. ناماز ئوقۇغۇچى باشقىلارنىڭ ئۆتۈشى ئۈچۈن (سۇترە قويۇپ، سۇترىنىڭ كەينىدىن) ئورۇن قويۇپ قويغانلىقتىن،

ئۆتمىدىغان كىشىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولمايدۇ.

## بىر كېچە ـ كۈندۈزدە ئادا قىلىنىدىغان نەپلە نامازلار

### 1. راۋاتىب سۈننەتلەر.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان بەندە ھەر كۈنى اللّٰه تائالا ئۈچۈن پەرز نامازدىن باشقا 12 رەكئەت نەپلە (سۈننەت) ناماز ئوقۇسا، اللّٰه جەننەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ ياكى جەننەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆي بىنا قىلىنىدۇ».[1]

راۋاتىب سۈننەتلەر — پېشىندىن ئىلگىرىكى تۆت رەكئەت، پېشىندىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت، شامدىن

(1) مۇسلىم توپلىغان.

كېيىنكى ئىككى رەكئەت، خۇپتەندىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت، بامداتتىن ئىلگىرىكى ئىككى رەكئەت.

ئى قەدىرلىك قېرىنداشىم! جەننەتتە بىر ئۆيىڭىز بولۇشنى قىزىقسىڭىز، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ نەسىھىتىگە مەھكەم يېپىشىڭ ۋە پەرز نامازلاردىن سىرت 12 رەكئەت ناماز ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىڭ.

● چاشگاھ نامىزى

چاشگاھ نامىزى 360 سەدىقىگە باراۋەردۇر چۈنكى ئىنسان جىسمىدا 360 پارچە سۆڭەك بار بولۇپ، بەدىنىدىكى بۇ نېئمەتنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىمەن دېسە، بىر كۈندە ھەر بىر پارچە سۆڭەك ئۈچۈن بىردىن سەدىقە قىلىشى لازىم بولىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسىگە ئىككى رەكئەت چاشگاھ

نامىزى كۈپايە قىلىدۇ.

**چاشگاھ نامىزى ئوقۇشنىڭ**

**پايدىلىرى:** ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەر سەھەردە ھەر بىر بوغۇملىرىڭلارغا قارىتا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك سەدىقە باردۇر. ھەربىر تەسبىھ (سۇبھانەللاھ) سەدىقە، ياخشىلىققا بۇيرۇش سەدىقە، يامانلىقتىن توسۇشمۇ سەدىقىدۇر. چاشگاھ ۋاقتىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىگە كۈپايە قىلىدۇ».[1]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «دوستۇم پەيغەمبەر ﷺ ماڭا ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، ھەر كۈنى ئىككى رەكئەت چاشگاھ

(1) مۇسلىم توپلىغان.

نامىزى ئوقۇش ۋە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ۋىتىر نامىزى ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى ۋەسىيەت قىلدى». [1]

چاشگاھ نامىزىنىڭ ۋاقتى: قۇياش كۆتۈرۈلۈپ 15 مىنۇتتىن كېيىن باشلىنىپ تاكى پېشىن نامىزىغا 15 مىنۇت قالغۇچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە بولىدۇ.

چاشگاھ نامىزىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى: قۇياش ناھايىتى قىزىغان ۋاقىتتۇر.

چاشگاھ نامىزىنىڭ رەكئەت سانى: ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى رەكئەت، كۆپ بولغاندا سەككىز رەكئەت، يەنە بەزى ئالىملار: «يۇقىرىسىغا چەك يوق» دېگەن.

### 2. ئەسىر نامىزىنىڭ سۈننىتى.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەسىر

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

نامىزىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغان كىشىگە اللە رەھمەت قىلسۇن» .[1]

### 3. شام نامىزىنىڭ سۈننىتى.

پەيغەمبەر ﷺ: «شام نامىزىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇڭلار» دەپ، ئۈچىنچى قېتىمدا: «خالىغان كىشى ئوقۇسۇن» دېگەن .[2]

### 4. خۇپتەن نامىزىنىڭ سۈننىتى.

پەيغەمبەر ﷺ: «ھەر ئىككى ئەزاننىڭ (يەنى ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ) ئارىسىدا ناماز بار، ھەر ئىككى ئەزاننىڭ ئارىسىدا ناماز بار، ھەر ئىككى ئەزاننىڭ ئارىسىدا ناماز بار» دەپ، ئۈچىنچى قېتىمدا: «خالىغان كىشى

(1) ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان.
(2) بۇخارى توپلىغان.

ئوقۇسۇن» دېدى.[1]

ئىمام نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ): «يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى ئەزان بولسا ئەزان بىلەن تەكبىرنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن.

## كېچىدە قىيامدا تۇرۇشنىڭ سۈننەتلىرى

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «رامىزان روزىسىدىن قالسىلا ئەڭ ئەۋزەل روزا — مۇھەررەم ئېيىنىڭ روزىسىدۇر، پەرز نامازدىن قالسىلا ئەڭ ئەۋزەل ناماز — كېچىلىك نامازدۇر».[2]

**1. كېچىلىك نامازنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى — قىيامدا ئۇزۇن تۇرۇپ ئوقۇلغان 11 رەكئەت ياكى 13 رەكئەت نامازدۇر.**

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
(2) مۇسلىم توپلىغان.

«پەيغەمبەر ﷺ نىڭ (كېچىلىك) نامىزى 11 رەكئەت ئىدى».[1] يەنە بىر نەقىلدە: «كېچىدە 13 رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى» دېيىلگەن.[2]

## 2. كېچىلىك نامازغا تۇرغاندا مىسۋاك ئىشلىتىش ۋە ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ ئاخىرىقى ئايەتلىرىنى ئوقۇش.

يەنى ﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لَآيَاتٍ لِأُولِي الْأَلْبَابِ﴾ «شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار»[3] دېگەن ئايەتتىن باشلاپ تاكى سۈرە (ئال ئىمران) تۈگىگىچە

---

(1) بۇخارى توپلىغان.

(2) بۇخارى توپلىغان.

(3) سۈرە ئال ئىمران 190 ـ ئايەت.

ئوقۇش.

## 3. پەيغەمبەر ﷺ قىلغان دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىش.

«اللَّهُمَّ لَكَ الحَمْدُ، أَنْتَ قَيِّمُ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَنْ فِيهِنَّ، وَلَكَ الحَمْدُ أَنْتَ نُورُ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَنْ فِيهِنَّ، وَلَكَ الحَمْدُ أَنْتَ مُلْكُ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضِ، وَلَكَ الحَمْدُ أَنْتَ الحَقُّ، وَوَعْدُكَ الحَقُّ، وَلِقَاؤُكَ حَقٌّ، وَقَوْلُكَ حَقٌّ، وَالجَنَّةُ حَقٌّ، وَالنَّارُ حَقٌّ، وَالنَّبِيُّونَ حَقٌّ» «ئى الله! جىمى ھەمدۇ-سانالار ساڭا خاستۇر: سەن بولساڭ ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇ ئىككىسىدىكى بارلىق مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلغۇچى زاتتۇرسەن. ئى الله! جىمى ھەمدۇ-سانالار ساڭا خاستۇر: سەن بولساڭ ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇ ئىككىسىدىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ نۇرىدۇرسەن. ئى الله! جىمى ھەمدۇ-سانالار ساڭا خاستۇر: سەن بولساڭ ئاسمان ۋە زېمىننىڭ پادىشاھىدۇرسەن. ئى

الله ! جىمى ھەمدۇ-سانالار ساڭا خاستۇر، سەن ھەقتۇرسەن، ۋەدەڭ ھەقتۇر، قىيامەتتە ساڭا ئۇچرىشىش ھەقتۇر، سۆزۈڭ ھەقتۇر، جەننەت ھەقتۇر، دوزاخ ھەقتۇر ۋە بارلىق پەيغەمبەرلىرىڭ ھەقتۇر» .[1]

## 4. نامازنى ئاخىرىغىچە روھلۇق ئوقۇش ئۈچۈن كېچىلىك نامازنى يەڭگىل ئىككى رەكئەت بىلەن باشلاش ھەم سۈننەتتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار كېچىدە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇرسا، ئىككى رەكئەت يەڭگىل ناماز بىلەن باشلىسۇن» .[2]

## 5. كېچىلىك نامازنى پەيغەمبەر ﷺ قىلغان دۇئا بىلەن باشلاش.

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
(2) مۇسلىم توپلىغان.

«اللَّهُمَّ رَبَّ جِبْرِيلَ وَمِيكَائِيلَ وَإِسْرَافِيلَ، فَاطِرَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ، عَالِمَ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ أَنْتَ تَحْكُمُ بَيْنَ عِبَادِكَ فِيمَا كَانُوا فِيهِ يَخْتَلِفُونَ، اهْدِنِي لِمَا اخْتُلِفَ فِيهِ مِنَ الْحَقِّ بِإِذْنِكَ إِنَّكَ تَهْدِي مَنْ تَشَاءُ إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ» «ئى الله! ئى جىبرىئىل، مىكائىل ۋە ئىسرافىللىنىڭ رەببى، ئاسمان ۋە زېمىنلارنى ياراتقۇچى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلىپ تۇرغۇچى الله! سەن بەندىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىسەن. ئى الله! ئۆز ئىرادەڭ بويىچە مېنى ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىدە ھەققە ھىدايەت قىلغىن، سەن خالىغان كىشىنى توغرا يولغا يېتەكلەيسەن».[1]

## 6. كېچىلىك نامازنى ئۇزۇن ئوقۇش.

پەيغەمبەر ﷺ دىن: «قايسى ناماز ئەڭ

(1) مۇسلىم توپلىغان.

ئەۋزەل؟» دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «قىيامى ئۇزۇن بولغان (ئۆرە تۇرۇپ ئۇزۇن قىرائەت قىلىنغان) ناماز» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

## 7. ئازاب ئايىتىنى ئوقۇغاندا (الله نىڭ ئازابىدىن) پاناھ تىلەش.

يەنى «اَعُوذُ بِاللَّهِ مِنْ عَذَابِ اللَّهِ» «الله قا سېغىنىپ الله نىڭ ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەن دۇئانى ئوقۇش. رەھمەت ئايىتىنى ئوقۇغاندا الله نىڭ رەھمىتىنى سوراپ «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِك» «ئى الله! پەزلى-رەھمىتىڭدىن سورايمەن» دېگەن دۇئانى ئوقۇش. الله نى پاكلاش ئايەتلىرى ئوقۇلغاندا الله قا تەسبىھ ئېيتىش.

## ۋىتىر نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى

(1) مۇسلىم توپلىغان.

**1. ئۈچ رەكئەت ۋىتىر نامىزى ئوقۇغان كىشىنىڭ بىرىنچى رەكئەتتە «سۈرە فاتىھە»دىن كېيىن «سۈرە ئەئلا»نى، ئىككىنچى رەكئەتتە «سۈرە كافىرۇن»نى، ئۈچىنچى رەكئەتتە «سۈرە ئىخلاس»نى ئوقۇشى سۈننەتتۇر.[1]**

**2. ۋىتىر نامىزىدىن سالام بەرگەندە «سُبْحَانَ الْمَلِكِ الْقُدُّوسِ» نى ئۈچ قېتىم دېيىش.**

دارىقۇتنى نەقىل قىلغان ھەدىستە، ئۈچىنچى قېتىمدا «رَبُّ الْمَلاَئِكَةِ وَالرُّوحِ»نى ئۈنلۈك دەپ ئاۋازىنى سوزىدىغانلىقى ئېيتىلغان بولۇپ، بۇ ھەدىسنى ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسنى نەقىل قىلغان.

---

(1) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

## بامدات نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى

بامدات نامىزىنىڭ ئۆزىگە خاس سۈننەتلىرى بار:

### 1. يەڭگىل ئوقۇش.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ بامدات نامىزىنىڭ ئەزان - تەكبىرىنىڭ ئارىلىقىدا يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى».[1]

### 2. بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدە ئوقۇلىدىغان سۈرىلەر:

بىر نەقىلدە [پەيغەمبەر ﷺ بامداتنىڭ سۈننىتىنىڭ ئالدىنقى رەكئىتىدە «سۈرە بەقەرە»نىڭ ﴿قُولُوا آمَنَّا بِاللَّهِ وَمَا أُنْزِلَ إِلَيْنَا﴾ «ئېيتىڭلاركى: ‹اللە قا ۋە بىزگە نازىل

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلىنغان ۋەھيىگە ئىمان كەلتۈردۇق>»[1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇيتتى] دېيىلگەن. يەنە بىر نەقىلدە [ئالدىنقى رەكئەتتە «سۈرە ئال ئىمران»نىڭ: ﴿آمَنَّا بِاللَّهِ وَاشْهَدْ بِأَنَّا مُسْلِمُونَ﴾ «الله قا ئىمان ئېيتتۇق. گۇۋاھ بولغىنىكى، بىز (پەيغەمبەرلىكىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز»[2] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇيتتى، كېيىنكى رەكئەتتە «سۈرە ئال ئىمران»نىڭ: ﴿قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ تَعَالَوْا إِلَى كَلِمَةٍ سَوَاءٍ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ﴾ «<ئى ئەھلى كىتاب! ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىرخىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى> دېگىن»[3] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇيتتى] دېيىلگەن.[4]

(1) سۈرە بەقەرە 136 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە ئال ئىمران 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە ئال ئىمران 64 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) مۇسلىم توپلىغان.

مۇسلىم نەقىل قىلغان يەنە بىر ھەدىستە، بىرىنچى رەكئەتتە «سۈرە كافىرۇن»نى، ئىككىنچى رەكئەتتە «سۈرە ئىخلاس»نى ئوقۇغانلىقى بايان قىلىنغان.

### 2. يېنىچە يېتىش.

«پەيغەمبەر ﷺ بامداتنىڭ ئىككى رەكئەتسۈننىتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتاتتى.»[1]

سىز ئۆيىڭىزدە بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىر قانچە مىنۇت بولسىمۇ ئوڭ يېنىڭىزنى بېسىپ يېتىشقا تىرىشىپ بىر سۈننەتكە ئەمەل قىلىڭ.

## بامدات نامىزىدىن كېيىن ئولتۇرۇش

«پەيغەمبەر ﷺ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ

(1) بۇخارى توپلىغان.

بولغاندىن كېيىن شۇ جايىدىلا تاكى كۈن چىققۇچە ئولتۇراتتى.»[1]

## ناماز كەلىمىلىرىدىكى سۈننەتلەر

### 1. باشلاش دۇئاسى ئوقۇش.

باشلاش دۇئاسى — نامازنى باشلاش تەكبىرىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ: «سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالَى جَدُّكَ وَلاَ إِلَهَ غَيْرُكَ[2]»[3].

يەنە بىر دۇئا بولسا: «اللَّهُمَّ بَاعِدْ بَيْنِي وَبَيْنَ

---

(1) مۇسلىم توپلىغان.

(2) تەرجىمىسى: ئى الله! ساڭا ھەمدە ئېيتىش بىلەن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئىسمىڭ مۇبارەكتۇر، ئۇلۇغلۇقۇڭ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، سەندىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر.

(3) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

خَطَايَايَ كَمَا بَاعَدْتَ بَيْنَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ، اللَّهُمَّ نَقِّنِي مِنْ خَطَايَايَ كَمَا يُنَقَّى الثَّوْبُ الأَبْيَضُ مِنَ الدَّنَسِ، اللَّهُمَّ اغْسِلْنِي مِنْ خَطَايَايَ بِالثَّلْجِ وَالْمَاءِ وَالْبَرَدِ[1]»[2].

ناماز باشلاش ھەققىدە كەلگەن بۇ دۇئالارنىڭ بىرىنى تالالاپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.

**2. قىرائەتتىن ئىلگىرى پاناھلىق سوراش.**

يەنى «اَعُوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ»[3] دېيىش.

**3. الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلاش.**

---

(1) تەرجىمىسى: ئى الله ! مەن بىلەن مېنىڭ خاتالىقلىرىمنىڭ ئارىلىقىنى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىلىقىدەك يىراق قىلغىن؛ ئى الله ! مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى ئاق كىيىم كىردىن پاكلانغاندەك پاكلىغىن؛ ئى الله ! خاتالىقلىرىمنى سۇ، قار ۋە مۆلدۈر بىلەن يۇيغىن.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

(3) تەرجىمىسى: قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

يەنى «بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ»[1] دېيىش.

**4. سۈرە فاتىھەدىن كېيىن «ئامىن» دېيىش.**

**5. يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى بامدات، جۈمە، شام، تۆت رەكئەتلىك نامازلار ۋە باشقا نەپلە نامازلارنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن بىر سۈرىنى قوشۇپ ئوقۇيدۇ. ئەمما، ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان جامائەت مەخپىي قىرائەت قىلىنغان نامازلاردا سۈرە قوشۇپ ئوقۇيدۇ، ئاشكارا قىرائەت قىلىنغان نامازلاردا ئوقۇمايدۇ.**

**6. رۇكۇدىن تۇرغاندا:** «رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ» «ئى رەببىمىز! جىمى ھەمدۇ-سانا

---

(1) تەرجىمىسى: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

پەقەت ساڭىلا خاستۇر» دېيىش ياكى: «رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ مِلْءُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ، وَمِلْءُ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْدُ، أَهْلَ الثَّنَاءِ وَالْمَجْدِ، أَحَقُّ مَا قَالَ الْعَبْدُ، وَكُلُّنَا لَكَ عَبْدٌ: اللهُمَّ لَا مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ، وَلَا مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلَا يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ» «ئى رەببىمىز! ساڭا ئاسمان-زېمىننى تولدۇرۇۋەتكۈدەك، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سەن خالىغان ھەرقانداق نەرسىنى تولدۇرۇۋەتكۈدەك ھەمدىلەر بولسۇن. سەن جىمى ھەمدۇ-سانالارنىڭ ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ ئىگىسىسەن. ھەممىمىز سېنىڭ بەندەڭدۇرمىز. بەندىنىڭ دېيىشى لايىق بولغان سۆز: <ئى اللە! سەن بەرگەن نەرسىگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، سەن بەرمىگەن نەرسىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ. سېنىڭ ئالدىڭدا

بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ›» دېيىش[1] .

**7. رۇكۇ ۋە سەجدىنىڭ تەسبىھلىرىنى بىر قېتىمدىن ئارتۇق دېيىش.**

**8. ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا** «رَبِّ اغْفِرْ لِي»[2] **دېگەن كەلىمىنى بىر قېتىمدىن ئارتۇق دېيىش.**

**9. ئاخىرقى تەشەھھۇدتىن كېيىن بۇ دۇئانى ئوقۇش:** «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ جَهَنَّمَ، وَمِنْ عَذَابِ القَبْرِ، وَمِنْ فِتْنَةِ المَحْيَا وَالْمَمَاتِ، وَمِنْ فِتْنَةِ المَسِيحِ الدَّجَّالِ» «ئى الله ! ساڭا سېغىنىپ دوزاخ ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، ھايات ـ ماماتنىڭ پىتنىسىدىن ۋە كاززاب دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن» .[3]

---

(1) مۇسلىم توپلىغان.

(2) تەرجىمىسى: ئى رەببىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن.

(3) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ سەجدىدە تەسبىھ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي خالىغان دۇئانى قىلىشى مۇستەھەب. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بەندىنىڭ ئۆز رەببىگە ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتى سەجدىدىكى ۋاقتىدۇر شۇڭا سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار».[1]

بۇنىڭدىن سىرت يەنە باشقا دۇئالارمۇ بار بولۇپ، بۇ دۇئالارنى بىلمەكچى بولسىڭىز قەھتانىنىڭ «حصن المسلم» دېگەن كىتابىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

باشلاش دۇئاسى ۋە تەشەھھۇدتىن كېيىنكى دۇئالاردىن باشقا، نامازنىڭ كەلىمىلىرىدىكى سۈننەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەربىر رەكئەتتە تەكرارلىنىدۇ. دېمەك، ھەربىر رەكئەتتە تەكرارلىنىدىغان سۈننەتلەر

(1) مۇسلىم توپلىغان.

جەمئىي سەككىز بولسا، ئۇنداقتا 17 رەكئەت پەرز نامازلارنىڭ كەلىمىلىرىدىكى سۈننەتلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 136 سۈننەت بولىدۇ. نەپلە نامازلار جەمئىي 25 رەكئەت بولۇپ، بىر كېچە-كۈندۈزدە ئادا قىلىنىدىغان نەپلە نامازلار بويىچە ھېسابلىغاندا 200 سۈننەت بولىدۇ. بۇ سۈننەتلەرنى تەھەججۇد ۋە چاشگاھ نامازلىرىغا تەتبىقلىغاندا، ئەجىر-مۇكاپاتى سۈننەتلەرنىڭ تەتبىقلىنىشىغا بېقىپ تېخىمۇ كۆپىيىدۇ.

ئەمما، ناماز كەلىمىلىرى ئىچىدە پەقەت بىر قېتىملا تەكرارلىنىدىغان سۈننەتلەر بولسا:

**1. باشلاش دۇئاسى.**

**2. تەشەھھۇدتىن كېيىنكى دۇئا.**

بۇ ئىككى سۈننەت پەرز نامازلاردا

جەمئىي 10 قېتىم ئادا قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىر كېچە-كۈندۈزدە ئادا قىلىنىدىغان نەپلە نامازلاردا بۇ ئىككى سۈننەت تەكرارلىنىپ جەمئىي 24 سۈننەت بولىدۇ. بەزىدە كېچىلىك قىيام، چاشگاھ نامىزى ۋە تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى قاتارلىق نەپلە نامازلار سەۋەبلىك، پەقەت بىر قېتىملا تەكرارلىنىدىغان بۇ سۈننەتلەرنىڭ تەتبىقلىنىشى ئېشىپ بېرىپ، سۈننەتكە ئېرىشىلغانلىق سەۋەبلىك ئەجىر تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ.

## نامازنىڭ ھەرىكەتلىرىدىكى سۈننەتلەر

**1. نامازنى باشلاش تەكبىرى بىلەن تەڭ قولنى كۆتۈرۈش.**

**2. رۇكۇ قىلغان چاغدا قول كۆتۈرۈش**

(يەنى رەفئەت قىلىش).

3. رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەن چاغدا قول كۆتۈرۈش.

4. ئىككى تەشەھھۇدلۇق نامازلاردا نامازنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىگە تۇرغاندا قول كۆتۈرۈش.

5. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بويىچە قولنى كۆتۈرگەن ۋە چۈشۈرگەندە بارماقلارنى جۈپلەش.

6. ئالقاننىڭ ئىچىنى قىبلىگە قاراتقان ھالەتتە بارماقلارنى سوزۇش.

7. بارماقلارنى ئىككى مۈرىنىڭ باراۋېرىدە ياكى ئىككى قۇلاقنىڭ يۇمشىقىغىچە كۆتۈرۈش.

8. (قىيامدا تۇرغاندا) ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ياكى سول بېغىشىنىڭ

ئۈستىدە قويۇش.

9. سەجدە قىلىدىغان ئورۇنغا قاراش.

10. قىيامدا تۇرغاندا ئىككى پۇتنىڭ ئارىسىنى ئازغىنە ئېچىپ (يەنى كېرىپ) تۇرۇش.

11. قۇرئان كەرىمنى ئالدىرىماي، دانە - دانە، ئوچۇق ئوقۇش ۋە ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغاچ قىرائەت قىلىش.

## رۇكۇدىكى سۈننەتلەر

1. رۇكۇدا قول بارماقلىرى ئېچىلغان ھالەتتە ئىككى تىزىنى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇش.

2. رۇكۇدا دۈمبىسىنى تۈز قىلىپ سوزۇلغان ھالەتتە ئېگىشىش.

3. ناماز ئوقۇغۇچى بېشى بىلەن

دۈمبىسىنىڭ ئېگىزلىكىنى باراۋەر قىلىش، تۆۋەن قىلىۋالماسلىق ياكى ئۈستۈن كۆتۈرۈۋالماسلىق.

4. ئىككى بىلىكىنى بېقىنىغا چاپلىۋالماسلىق.

## سەجدىدىكى سۈننەتلەر

1. ئىككى ئۈستۈن بىلەكنى بېقىنىغا چاپلىۋالماسلىق.

2. قورسىقىنى يوتىسىغا چاپلىۋالماسلىق.

3. ئىككى ئارقا يوتىنى پۇتىنىڭ بولجۇڭ گۆشىدىن يىراق قىلىش.

4. سەجدىدە ئىككى تىزىنى جۈپلىۋالماسلىق.

5. ئىككى پۇتىنى تىك تۇتۇش.

**6. ئىككى پۇتنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنى يەرگە تىرەش.**

**7. سەجدە ئارىلىقىدا ئىككى پۇتى رۇس بولۇش.**

**8. ئىككى قولنى مۈرىسىنىڭ ياكى قۇلىقىنىڭ باراۋېرىدە يەرگە قويۇش.**

**9. ئىككى قولنى ئېچىش.**

**10. بارماقلارنى بىر ـ بىرگە جۈپلەش.**

**11. بارماقلارنىڭ ئۇچىنى قىبلىگە قارىتىش.**

**12. ئىككى سەجدىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇش.** بۇنىڭ ئىككى خىل ھالىتى بار:

1) «الاقعاء» دېيىلىدىغان بولۇپ، بۇ ـــ ئىككى پۇتنى تىكلەپ تاپىنى ئۈستىدە ئولتۇرۇش ھالىتىدۇر.

2) «الافتراش» دېيىلىدىغان بولۇپ، بۇ

— ئوڭ پۇتنى تىكلەپ سول پۇتنى يېيىپ ئولتۇرۇش ھالىتىدۇر.

بىرىنچى تەشەھھۇدتا سول پۇتنى يېيىپ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ ۋە ئوڭ پۇتنى تىكلەيدۇ. ئىككىنچى تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇشنىڭ ئۈچ خىل ھالىتى بار:

1) ئوڭ پۇت تىكلىنىپ، سول پۇت ئوڭ پاچاقنىڭ ئاستىدا قويۇلۇپ، يەرگە سۆڭگىچى بىلەن ئولتۇرۇش.

2) بىرىنچىسىگە ئوخشاش لېكىن ئوڭ پۇت تىكلەنمەي سول تەرەپتە قىلىنىدۇ.

3) ئوڭ پۇت تىكلىنىپ سول پۇتنى ئوڭ پاچاق بىلەن ئوڭ يوتىنىڭ ئارىلىقىغا كىرگۈزۈش.

**13. ئىككى قولنىڭ ئالقىنىنى يوتىنىڭ ئۈستىگە قويۇش.** يەنى ئوڭ قول ئالقىنىنى

ئوڭ يوتىنىڭ، سول قول ئالقىنىنى سول يوتىنىڭ ئۈستىدە بارماقلىرى جۈپلەنگەن سوزۇلغان ھالەتتە قويۇش.

**14. تەشەھھۇدتا باشتىن - ئاخىرىغىچە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىش.**

**15. ئىككى قېتىم سالام بەرگەندە ئوڭ - سولغا قاراش.**

**16. ئارام ئېلىش ئولتۇرۇشى.** بۇ — زىكىر ئوقۇلمايدىغان قىسقا ئولتۇرۇش بولۇپ، بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى رەكئەتنىڭ ئىككىنچى سەجدىسىدىن كېيىن بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار جەمئىي 25 سۈننەت بولۇپ، ئۇلار ھەربىر رەكئەتتە تەكرارلىنىدۇ، پەرز نامازلىرىنىڭكىنى ھېسابلىغاندا جەمئىي 425 سۈننەت بولىدۇ.

بىر كېچە-كۈندۈزدە ئادا قىلىنىدىغان نەفلە نامازلار يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك 25 رەكئەت بولۇپ، بۇلاردىكى سۈننەتلەرنىڭ ئومۇمىي 625 بولىدۇ. ھەربىر رەكئەتتە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەربىر جەھەتتىكى سۈننەتلەرگە رىئايە قىلغاندا بۇ سۈننەتلەرنى تەتبىقلىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇسۇلمان كىشى چاشگاھ ۋە تەھەججۇد نامازلىرىنى قانچە كۆپ ئوقۇغانسېرى بۇ سۈننەتلەرنى شۇنچە كۆپ تەتبىقلىيالايدۇ.

نامازدا پەقەت بىر ياكى ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدىغان ھەربىر جەھەتتىكى سۈننەتلەر:

**1. نامازنى باشلاش تەكبىرىدە ئىككى قولنى كۆتۈرۈش.**

**2. ئىككى تەشەھھۇدلۇق نامازنىڭ ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرغاندا ئىككى قولنى كۆتۈرۈش.**

**3. مەيلى بىرىنچى تەشەھھۇد ياكى ئىككىنچى تەشەھھۇد بولسۇن، تەشەھھۇدنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىش.**

**4. ئىككى سالامدا ئوڭ- سول تەرەپكە قاراش.**

**5. ئارام ئېلىش ئولتۇرۇشى.** بۇ — مەيلى پەرز ياكى نەپلە نامازلار بولسۇن، تۆت رەكئەتلىك نامازلاردا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ، باشقا نامازلاردا بىر قېتىملا تەكرارلىنىدۇ.

**6. سۆڭگىچىدە ئولتۇرۇش.** ئوڭ پۇتنى تىكلەپ سول پۇتنى ئوڭ

پاچىقىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ يەردە سۆڭگەكچى بىلەن ئولتۇرىدۇ.

بۇ ھالەت — ئىككى تەشەھھۇدلۇق نامازنىڭ ئاخىرقى تەشەھھۇدتىلا قىلىنىدۇ.

بۇ سۈننەتلەر ھەر نامازدا بىرلا قېتىم تەكرارلىنىدۇ لېكىن تەشەھھۇدتا كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىش بولسا بامداتتىن باشقا بارلىق پەرز نامازلاردا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇشمۇ تۆت رەكئەتلىك نامازلاردا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ سۈننەتلەر جەمئىي 34 قېتىم ئادا قىلىنغان بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككىنچى ۋە ئاخىرقى سۈننەتتىن باشقا ھەربىكەت جەھەتتىكى سۈننەتلەر ھەرقانداق نەفلە

نامازدا تەكرارلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ سۈننەتلەر جەمئىي 48 قېتىم ئادا قىلىنغان بولىدۇ.

ئى مۇبارەك قېرىندىشىم! ئەجرىڭىزنىڭ كاتتا، الله نىڭ ھۇزۇرىدىكى مەرتىۋىڭىزنىڭ ئالىي بولۇشى ئۈچۈن، نامىزىڭىزنى كەلىمە ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى سۈننەتلەر بىلەن زىننەتلەشكە تىرىشىڭ.

## پەرز نامازدىن كېيىنكى سۈننەتلەر

**1. ئۈچ قېتىم ئىستىغپار ئېيتىش** ۋە: «اللهمَّ أَنْتَ السَّلَامُ، وَمِنْكَ السَّلَامُ، تَبَارَكْتَ يا ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ» «ئى الله ! سەن تىنچلىق بېغىشلىغۇچىسەن، تىنچلىق پەقەت سەندىن بولىدۇ. ھۆرمەت ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ

ئىگىسىسەن، مۇبارەكسەن» دېيىش.[1]

2. «لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، اللَّهُمَّ لاَ مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ، وَلاَ مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلاَ يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ» «الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ-سانالار ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئى الله! سەن بەرگەن نەرسىگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، سەن بەرمىگەن نەرسىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ. سېنىڭ ئالدىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ»[2] دېيىش.

3. «لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ

(1) مۇسلىم توپلىغان.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

الْمُلْكُ، وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ. لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّه، لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ، وَلا نَعْبُدُ إِلاَّ إِيَّاهُ، لَهُ النِّعْمَةُ وَلَهُ الْفَضْلُ وَلَهُ الثَّنَاءُ الْحَسَنُ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ» «الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە جىمى-ھەمدۇ سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، الله نىڭ ياردىمىسىز ھېچبىر ئىشقا كۈچ-قۇۋۋىتىمىز يەتمەيدۇ. الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، بىز پەقەت الله قىلا ئىبادەت قىلىمىز، الله بەندىلىرىگە نازۇ-نېئمەت ئاتا قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. ئەڭ گۈزەل مەدھىيە الله قا خاستۇر، الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ بىز

اللە قا خالىس ئىبادەت قىلىمىز»[1]. دېيىش.

4. «سُبْحَانَ اللَّه» (اللە پاكتۇر)، «الْحَمْدُ لِلَّه» (جىمى ھەمدۇ-سانا اللە قا خاستۇر)، «اللَّهُ أَكْبَرَ» (اللە بۈيۈكتۇر)نىڭ ھەربىرىنى 33 قېتىم، «وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» «اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە جىمى ھەمدۇ-سانالار ئۇنىڭغىلا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر»[2] دېيىش.

5. «اللَّهُمَّ أَعِنِّي عَلَى ذِكْرِكَ، وَشُكْرِكَ، وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ» «ئى اللە! سېنى زىكىر قىلىشىمغا، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمغا ۋە ساڭا ياخشى

(1) مۇسلىم توپلىغان.
(2) مۇسلىم توپلىغان.

قوْلچىلىق قىلىشىمغا ياردەم قىلغىن»[1]
دېيىش.

6. «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعوذُ بِكَ مِنَ الجُبْنِ، وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ أُرَدَّ إِلَى أَرْذَلِ العُمُرِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الدُّنْيَا، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ» «ئى الله ! ساڭا سېغىنىپ قورقۇنچاقلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، بەك قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن، دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن»[2] دېيىش.

7. «رَبِّ قِنِي عَذَابَكَ يَوْمَ تَبْعَثُ - تَجْمَعُ - عِبَادَكَ» «ئى رەببىم! بەندىلىرىڭنى قايتا تىرىلدۈرىدىغان كۈندىكى ئازابىڭدىن مېنى ساقلىغىن» دېيىش.

بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

---

(1) ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان.
(2) بۇخارى توپلىغان.

بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇساق، (سالام بەرگەندە ئەڭ ئاۋۋال) بىز تەرەپكە قارىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتۇق. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم: «رَبِّ قِنِي عَذَابَكَ يَوْمَ تَبْعَثُ - تَجْمَعُ - عِبَادَكَ» «ئى رەببىم! بەندىلىرىڭنى قايتا تىرىلدۈرىدىغان كۈندىكى ئازابىڭدىن مېنى ساقلىغىن»[1] دېيىش.

**8. «ئىخلاس»، «فەلەق» ۋە «ناس» سۈرىلىرىنى ئوقۇش.**[2]

بامدات ۋە شام نامىزىدىن كېيىن بۇ سۈرىلەر ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇلىدۇ.

**9. ئايەتۇلكۇرسى،** يەنى ﴿اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا

(1) مۇسلىم توپلىغان.
(2) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان.

هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ...﴾ «بىر الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر: الله ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر...»[1] دېگەن ئايەتنى (ئاخىرىغىچە) ئوقۇش.

**10.** «لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» «بىر الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە جىمى ھەمدۇ-سانالار ئۇنىڭغىلا خاستۇر، ئۇ تىرىلدۈرەلەيدۇ ۋە ئۆلتۈرەلەيدۇ ھەمدە ھەر نەرسىگە قادىردۇر» دېگەن زىكىرنى بامدات ۋە شام نامىزىدىن كېيىن 10 قېتىم ئوقۇش.[2]

## 11. يۇقىرىقى تەسبىھلەرنى قول بىلەن ساناش.

(1) سۈرە بەقەرە 255- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تىرمىزى توپلىغان.

«ئوڭ قولى بىلەن سانايدۇ» دېگەن نەقىلدە ئىختىلاپ بولسىمۇ، باشقا ئومۇمىي مەنىدە كەلگەن نەقىللەر ئوڭ قول بىلەن ساناشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە شاھىد بولىدۇ.

**12. يۇقىرىقى زىكىرلەرنى ناماز ئوقۇلغان ئورۇندا دېيىش، ئورۇننى ئۆزگەرتمەسلىك.**

ئەگەر مۇسۇلمان كىشى ھەر پەرز نامازدىن كېيىن بۇ سۈننەتلەرنى ئادا قىلىشقا تىرىشسا، تەخمىنەن 55 سۈننەتنى تەتبىقلىغان بولىدۇ. تەتبىقلانغان سۈننەتلەرنىڭ سانى بامدات ۋە شام نامىزىدا تېخىمۇ كۆپىيىپ بارىدۇ.

**❖ھەر پەرز نامازلاردىن كېيىن بۇ سۈننەتلەرنى تەتبىقلاشنىڭ ۋە ئەھمىيەت**

## بىرىنچىنىڭ پايدىلىرى

1. پەيغەمبەر ﷺ: «ھەربىر تەسبىھ سەدىقە، ھەربىر تەكبىر سەدىقە، ھەربىر ھەمدە سەدىقە، ھەربىر تەھلىل سەدىقە»[1] دېگەنلىكى ئۈچۈن، مۇسۇلمان كىشى بىر كېچە-كۈندۈزدىكى ھەر بىر پەرز نامازلاردىن كېيىن بۇ تەسبىھلەرنى ئوقۇسا، ئۇنىڭغا 500 سەدىقىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ.

ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دېگەن: «تەسبىھ ئېيتقان، تەكبىر ئېيتقان، ھەمدە ئېيتقان ۋە تەھلىل ئېيتقان كىشى سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ».

2. مۇسۇلمان كىشى بىر كېچە-كۈندۈزدىكى ھەربىر پەرز نامازلاردىن كېيىن بۇ تەسبىھلەرنى ئوقۇسا، ئۇنىڭغا جەننەتتە 500 تۈپ دەرەخ تىكىلىدۇ. ئەبۇ ھۈرەيرە

(1) مۇسلىم تويلىغان.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆچەت تىكىۋاتقاندا پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! مەن سېنى بۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىر ئەمەلگە باشلاپ قويايمۇ؟» دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بولىدۇ ئى رەسۇلۇللاھ» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «<سُبْحَانَ اللَّهِ، والحَمْدُ لِلَّهِ، وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ، واللَّهُ أَكْبَرَ> <الله بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، جىمى ھەمدۇ ـ سانالار الله قا خاستۇر، الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، الله ئەڭ بۈيۈكتۇر> دېگىن، ھەربىر سۆزنىڭ باراۋىرىدە ساڭا جەننەتتە بىر دەرەخ تىكىلىدۇ» دېدى.[1]

3. ھەر نامازدىن كېيىن ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇغان ۋە ئۇنى لازىم تۇتقان كىشى بىلەن

(1) ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

جەننەتنىڭ ئارىسىنى پەقەت ئۆلۈملا ئايرىپ تۇرىدۇ.

4. «سەھىھ مۇسلىم»دا نەقىل قىلىنغاندەك، كىمكى يۇقىرىقى تەسبىھلەرنى لازىم تۇتسا، گۇناھلىرى گەرچە دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ ئۆچۈرۈلىدۇ.

5. ھەر نامازدىن كېيىن يۇقىرىقى تەسبىھلەرنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۈمىدسىز ۋە خار بولمايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ: «ھەر پەرز نامازنىڭ كەينىدىن ئەگەشتۈرۈپ دېيىلىدىغان تەسبىھلەر بار بولۇپ، ئۇلارنى دېگۈچى ھەرگىز زىيان تارتمايدۇ» دەپ يۇقىرىقى تەسبىھلەرنى زىكىر قىلغان.[1]

6. پەرز نامازلاردا سادىر بولغان

(1) مۇسلىم توپلىغان.

كەمچىلىك ۋە يوچۇقلارنى تولۇقلايدۇ.

## ئەتىگەن ۋە كەچلىك سۈننەتلەر

1. ئايەتۇلكۇرسى، يەنى ﴿اللَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ...﴾ «بىر اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر؛ اللە ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر...»[1] دېگەن ئايەتنى (ئاخىرىغىچە) ئوقۇش.

ئۇنىڭ پايدىسى: «كىمكى ئايەتۇلكۇرسىنى ئەتىگەندە ئوقۇسا، كەچكىچە جىندىن ساقلىنىدۇ؛ كىمكى كەچتە ئوقۇسا، ئەتىگەنگىچە جىندىن ساقلىنىدۇ».[2]

2. «ئىخلاس»، «فەلەق» ۋە «ناس» سۈرىلىرىنى ئوقۇش. ئۇنىڭ پايدىسى: «كىمكى بۇ سۈرىلەرنى ئەتىگەن ۋە كەچتە

(1) سۈرە بەقەرە 255- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

3 قېتىمدىن ئوقۇسا، ھەرقانداق نەرسىگە (يەنى يامانلىقلارغا) كۇپايە قىلىدۇ».[1]

**3. ئەتىگەندە** «أَصْبَحْنَا وَأَصْبَحَ الْمُلْكُ لِلَّهِ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، رَبِّ أَسْأَلُكَ خَيْرَ مَا فِي هَذَا الْيَوْمِ وَخَيْرَ مَا بَعْدَهُ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا فِي هَذَا الْيَوْمِ وَشَرِّ مَا بَعْدَهُ، رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكَسَلِ وَسُوءِ الْكِبَرِ، رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابٍ فِي النَّارِ، وَعَذَابٍ فِي الْقَبْرِ» «بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق ۋە پادىشاھلىق اللہ قا مەنسۇپ بولغان ھالدا تاڭ ئاتتى، جىمى ھەمدۇ-سانالار اللہ قا خاستۇر. اللہ تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇ، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە جىمى ھەمدۇ-سانالار ئۇنىڭغىلا خاستۇر، ئۇ ھەر

(1) ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

نەرسىگە قادىردۇر. ئى رەببىم! سەندىن بۇ كۈننىڭ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن، ساڭا سىغىنىپ بۇ كۈننىڭ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى رەببىم! ساڭا سىغىنىپ، ھۇرۇنلۇقتىن ۋە قېرىلىقنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى رەببىم! ساڭا سىغىنىپ دوزاخ ئازابىدىن ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن» **دېگەن دۇئانى ئوقۇش.**[1] كەچتە «أَصْبَحْنَا» (تاڭ ئاتقۇزدۇق) دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «أَمْسَيْنَا» (كەچ قىلدۇق) دېيىلىدۇ، « رَبِّ أَسْأَلُكَ خَيْرَ مَا فِي هَذَا الْيَومِ» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «رَبِّ أَسْأَلُكَ خَيْرَ مَا فِي هذِهِ اللَّيْلَةِ» دېيىلىدۇ.

**4. ئەتىگەندە** «اللَّهُمَّ بِكَ أَصْبَحْنَا وَبِكَ أَمْسَيْنَا،

(1) مۇسلىم توپلىغان.

وَبِكَ نَحْيَا وَبِكَ نَمُوتُ، وَإِلَيْكَ النُّشُورُ» «ئى الله ! سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن كەچ قىلدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ياشايمىز، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئۆلىمىز، (قىيامەت كۈنى) سېنىڭ دەرگاھىڭغا قايتىمىز» **دېگەن دۇئانى ئوقۇش.** **كەچتە** «اللَّهُمَّ بِكَ أَمْسَيْنَا وَبِكَ أَصْبَحْنَا وَبِكَ نَحْيَا وَبِكَ نَمُوتُ وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ» «ئى الله ! سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن كەچ قىلدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ياشايمىز، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئۆلىمىز، (قىيامەت كۈنى) سېنىڭ دەرگاھىڭغا يانىمىز»(1) **دېگەن دۇئانى ئوقۇش.**

**5.** «اللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ خَلَقْتَنِي وَأَنَا

(1) تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

عَبْدُكَ، وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ، وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا صَنَعْتُ، أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ، وَأَبُوءُ بِذَنْبِي، فَاغْفِرْ لِي فَإِنَّهُ لاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ» «ئى الله ! سەن مېنىڭ رەببىمسەن، سەندىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭ، مەن (ساڭا ئىمان ئېيتىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت) بەرگەن ئەھدەم ۋە ۋەدەمدە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تۇرىمەن. ساڭا سېغىنىپ يامان قىلمىشلىرىمدىن پاناھ تىلەيمەن. ماڭا ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن ۋە گۇناھلىرىمنىمۇ ئېتىراپ قىلىمەن. ئى الله ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سەندىن باشقا ھېچكىم مەغپىرەت قىلالمايدۇ» دېگەن

دۇئانى ئوقۇش.[1]

**ئۇنىڭ پايدىسى:** ھەدىستە «كىمكى بۇ دۇئانى كەچتە ئىخلاس بىلەن دېسە ۋە شۇ كېچىدە ئۆلۈپ كەتسە جەننەتكە كىرىدۇ، كىمكى بۇ دۇئانى تاڭ ئاتقاندا ئىخلاس بىلەن دېسە ۋە شۇ كۈندۈزدە ئۆلۈپ كەتسە جەننەتكە كىرىدۇ» دېيىلگەن.

**6.** «اللَّهُمَّ إِنِّي أَصْبَحْتُ أُشْهِدُكَ، وَأُشْهِدُ حَمَلَةَ عَرْشِكَ، وَمَلاَئِكَتَكَ، وَجَمِيعَ خَلْقِكَ، أَنَّكَ أَنْتَ اللَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، وَحْدَكَ لاَ شَرِيكَ لَكَ، وَأَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُكَ وَرَسُولُكَ» «ئى اللہ ! سېنى، سېنىڭ ئەرشىڭنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەرنى، جىمى پەرىشتىلىرىڭنى، بارلىق مەخلۇقاتلىرىڭنى شۇنىڭغا گۇۋاھ قىلغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزدۇمكى، سەن اللہ تۇرسەن،

(1) بۇخارى توپلىغان.

سەندىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، سەن يەككە - يېگانىدۇرسەن، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر، مۇھەممەد ﷺ سېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭدۇر» دېگەن دۇئانى تۆت قېتىم ئوقۇش.[1]

**بۇنىڭ پايدىسى:** كىمكى بۇ دۇئانى ئەتىگەن ۋە كەچتە 4 قېتىم دېسە، اللە ئۇ كىشىنى دوزاختىن ئازاد قىلىدۇ. كەچتە «اللَّهُمَّ إِنِّي أَمْسَيْتُ» «ئى اللە! كەچ قىلدىم» دېيىلىدۇ.

7. «اللَّهُمَّ مَا أَصْبَحَ بِي مِنْ نِعْمَةٍ، أَوْ بِأَحَدٍ مِنْ خَلْقِكَ فَمِنْكَ وَحْدَكَ لاَ شَرِيكَ لَكَ، فَلَكَ الْحَمْدُ وَلَكَ الشُّكْرُ» «ئى اللە! ماڭا ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە ئەتىگەندە ئاتا قىلىنغان قانداقلا بىر نېئمەت بولمىسۇن، ئۇ چوقۇم

(1) ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان.

سېنىڭدىندۇر. سەن يەككە ـ يېگانىدۇرسەن، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر، جىمى ھەمدۇ ـ سانالار ۋە شۈكۈر پەقەت ساڭىلا خاستۇر» دېگەن دۇئانى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئوقۇش.[1]

**ئۇنىڭ پايدىسى:** «كىمكى بۇ دۇئانى ئەتىگەندە دېسە شۇ كۈنلۈك (نېئمەتنىڭ) شۈكرانىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. كىمكى بۇ دۇئانى كەچتە دېسە شۇ كېچىلىك (نېئمەتنىڭ) شۈكرانىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ».[2]

**8.** «اللَّهُمَّ عَافِنِي فِي بَدَنِي، اللَّهُمَّ عَافِنِي فِي سَمْعِي، اللَّهُمَّ عَافِنِي فِي بَصَرِي، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكُفْرِ، وَالْفَقْرِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ» «ئى اللہ ! بەدىنىمنى سالامەت قىلغىن؛

(1) ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان.
(2) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

ئى الله ! قۇلىقىمنى سالامەت قىلغىن ؛ ئى الله ! كۆزۈمنى سالامەت قىلغىن ؛ سەندىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر. ئى الله ! كۇپۇرلۇق، پېقىرلىق ۋە قەبرە ئازابىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. سەندىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر» **دېگەن دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇش.**[1]

**9.** «حَسْبِيَ اللَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَهُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ» «الله ماڭا كۇپايىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببىدۇر» **دېگەن دۇئانى يەتتە قېتىم ئوقۇش.**[2]

**ئۇنىڭ پايدىسى:** ھەدىستە

(1) ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان.
(2) ئەبۇ داۋۇد مەۋقۇف (سۆز ياكى ھەرىكەتنى ساھابىلەرگە ئائىت بولغان) ھالەتتە توپلىغان.

كەلگىنىدەك، كىمكى بۇ دۇئانى ئەتىگەن ۋە كەچتە يەتتە قېتىم دېسە، اللە ئۇ كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك غەملىرىگە كۇپايە قىلىدۇ.

**10.** «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْعَفْوَ وَالْعَافِيَةَ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ. اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْعَفْوَ وَالْعَافِيَةَ فِي دِينِي، وَدُنْيَايَ وَأَهْلِي، وَمَالِي، اللَّهُمَّ اسْتُرْ عَوْرَاتِي، وَآمِنْ رَوْعَاتِي، اللَّهُمَّ احْفَظْنِي مِنْ بَيْنِ يَدَيَّ، وَمِنْ خَلْفِي، وَعَنْ يَمِينِي، وَعَنْ شِمَالِي، وَمِنْ فَوْقِي، وَأَعُوذُ بِعَظَمَتِكَ أَنْ أُغْتَالَ مِنْ تَحْتِي» ئى اللە! سېنىڭدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەپۇ ۋە سالامەتچىلىكنى تىلەيمەن؛ ئى اللە! دىنىمدا، دۇنيالىقىمدا، ئائىلەمدە ۋە پۇل-مېلىمدا ئەپۇ قىلىنىشنى ۋە سالامەت قىلىنىشنى تىلەيمەن. ئى اللە! ئەيىبلىرىمنى ياپقىن، قورقۇنچلىرىمنى خاتىرجەملىككە ئايلاندۇرۇپ بەرگىن.

ئى الله ! مېنى ئالدىمدىن، كەينىمدىن، ئوڭ تەرىپىمدىن، سول تەرىپىمدىن ۋە ئۈستى تەرىپىمدىن قوغدىغىن. سېنىڭ ئۇلۇغلۇقىڭغا سېغىنىپ كۆزگە كۆرۈنمەس بالا - قازاغا ئۇچرىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن»

**دېگەن دۇئانى ئوقۇش.** (1)

**11.** «اللَّهُمَّ عَالِمَ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَاطِرَ السَّموَاتِ وَالأَرْضِ رَبَّ كُلِّ شَيْءٍ وَمَلِيكَهُ، أَشْهَدُ أَنْ لاَّ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ نَفْسِي وَمِنْ شَرِّ الشَّيْطَانِ وَشِرْكِهِ، وَأَنْ أَقْتَرِفَ عَلَى نَفْسِي سُوءًا أَوْ أَجُرَّهُ إِلَى مُسْلِمٍ» «ئى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەممىنى بىلگۈچى، ئاسمان - زېمىننى ياراتقۇچى ۋە ھەر شەيئىنىڭ رەببى ھەم پادىشاھى الله ! گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سەندىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر. نەپسىمنىڭ

---

(1) ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

يامانلىقىدىن، شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ مېنى شېرىككە چۈشۈرۈپ قويۇشىدىن، ئۆزۈمگە ياكى بىرەر مۇسۇلمانغا يامانلىق قىلىپ قويۇشۇمدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» **دېگەن دۇئانى ئوقۇش.**[1]

**12.** «بِسْمِ اللَّهِ الَّذِي لاَ يَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ» «نامىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندا ھېچبىر شەيئى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان اللہ نىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، اللہ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» **دېگەن دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇش.**[2]

**ئۇنىڭ پايدىسى:** ھەدىستە كەلگىنىدەك، كىمكى بۇ دۇئانى ئەتىگەن

(1) تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

(2) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

ۋە كەچتە ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ھېچبىر شەيئى زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.[1]

**13.** «رَضِيتُ بِاللَّهِ رَبًّا وَبِالإِسْلاَمِ دِينًا وَبِمُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَبِيًّا» «الله نىڭ رەببىم، ئىسلامنىڭ دىنىم ۋە مۇھەممەد ﷺ نىڭ پەيغەمبىرىم ئىكەنلىكىگە رازى بولدۇم» دېگەن دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇش.[2]

**ئۇنىڭ پايدىسى:** ھەدىستە كەلگىنىدەك، كىمكى بۇ دۇئانى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئۈچ قېتىم دېسە، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنى رازى قىلىش الله نىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ.

**14.** «يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيثُ أَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ وَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ» «ئى

---

(1) ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

(2) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئەھمەد توپلىغان.

ئەبەدىي ھايات، ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى الله ! سېنىڭ رەھمىتىڭگە سېغىنىمەن. مېنىڭ ھەممە ئىشىمنى ياخشىلاپ بەرگىن ۋە مېنى كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچىلىك ۋاقىتمۇ ئۆزۈمگە تاشلاپ قويمىغىن» **دېگەن دۇئانى ئوقۇش.**[1]

**15.** «أَصْبَحْنَا عَلَى فِطْرَةِ الإِسْلاَمِ، وَعَلَى كَلِمَةِ الإِخْلاَصِ، وَعَلَى دِينِ نَبِيِّنَا مُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَعَلَى مِلَّةِ أَبِينَا إِبْرَاهِيمَ حَنِيفًا مُسْلِمًا وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكِينَ» «بىز ئىسلام تەبىئىتى، ئىخلاس كەلىمىسى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ دىنى ۋە ئاتىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتى ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇزدۇق. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەق دىندا ئىدى، مۇسۇلمان ئىدى ۋە

(1) ھاكىم توپلىغان ۋە «سەھىھ» دېگەن، ئىمام زەھەبى ئۇنىڭغا قوشۇلغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» **دېگەن دۇئانى ئوقۇش.**[1]

**16.** «سُبْحَانَ اللَّهِ وَبِحَمْدِهِ» «اللهنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە مەدھىيىلەيمەن» **دېگەن زىكرنى 100 قېتىم دېيىش.**[2]

**ئۇنىڭ پايدىسى:** كىمكى بۇ دۇئانى ئەتىگەن ۋە كەچتە 100 قېتىم دېسە، قىيامەت كۈنى ھېچكىم ئۇنىڭكىدىن ئەۋزەل ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. پەقەت شۇنىڭغا ئوخشاش دېگەن ياكى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ دېگەن كىشىلا ئۇنىڭكىدەك ياكى ئۇنىڭكىدىن ئەۋزەلرەك ساۋابقا ئېرىشەلەيدۇ.

**ئۇنىڭ يەنە بىر پايدىسى:** دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ كەچۈرۈلىدۇ.

(1) ئىمام ئەھمەد توپلىغان.
(2) مۇسلىم توپلىغان.

**17.** «لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» «بىر اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە جىمى ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر» نى ئەتىگەندە 100 قېتىم دېيىش[1].

**ئۇنىڭ پايدىسى:** كىمكى ئۇنى بىر كۈندە 100 قېتىم دېسە:

1) 10 قۇل ئازاد قىلغانغا باراۋەر بولىدۇ.

2) ئۇنىڭغا 100 ياخشىلىق يېزىلىدۇ.

3) ئۇنىڭدىن 100 يامانلىق ئۆچۈرۈلىدۇ.

4) شۇ كۈنى كەچ كىرگىچە ئۇ كىشى ئۇچۇن شەيتاندىن قالقان بولىدۇ.

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**18.** «أَسْتَغْفِرُ اللَّهَ وَأَتُوبُ إِلَيْهِ» «اللّٰه تىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن» **دېگەن زىكرنى كۈندە 100 قېتىم ئوقۇش.**[1]

**19.** «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ عِلْمًا نَافِعًا، وَرِزْقًا طَيِّبًا، وَعَمَلاً مُتَقَبَّلاً» «ئى اللّٰه ! مەن سەندىن مەنپەئەتلىك ئىلىم، پاك رىزىق ۋە قوبۇل قىلىنىدىغان ئەمەل سورايمەن» **دېگەن زىكرنى ئەتىگەندە ئوقۇش.**[2]

**20.** «سُبْحَانَ اللَّهِ وَبِحَمْدِهِ عَدَدَ خَلْقِهِ وَرِضَا نَفْسِهِ وَزِنَةَ عَرْشِهِ وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ» «اللّٰه نى مەخلۇقلىرىنىڭ سانى، ئۆزىنىڭ رىزاسى، ئەرشىنىڭ ۋەزنى ۋە كەلىمىلىرىنىڭ سىياسى مىقدارىچە ھەمدە ئېيتىش بىلەن بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
(2) ئىبنى ماجە توپلىغان.

قىلىمەن» دېگەن زىكىرنى ئۈچ قېتىم ئوقۇش.[1]

21. «أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ» «الله تائالانىڭ نۇقسانسىز مۇكەممەل سۆزلىرىگە (قۇرئانغا) سىغىنىپ، الله تائالانىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەن زىكىرنى كەچتە ئۈچ قېتىم ئوقۇش.[2]

مۇسۇلمان كىشى بۇ زىكىرلەردىن بىرىنى دېسە، بىر سۈننەتنى ئادا قىلغان بولىدۇ. تېخىمۇ كۆپ سۈننەتنى تەتبىقلاپ كۆپرەك ئەجىرگە ئېرىشىشى ئۈچۈن، ئەتىگەن ۋە كەچتىكى زىكىرلەرنى ئۆزىگە تەتبىقلىشى لازىم بولىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى بۇ زىكىرلەرنى

---

(1) مۇسلىم توپلىغان.

(2) تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد توپلىغان.

ئىخلاس، جەزمىيەت ۋە راستچىللىق بىلەن دېيىشى شۇنداقلا هايات رىئاللىقىغا، ئەخلاقىغا ۋە ئىش-پائالىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەنىلىرىنى چۈشىنىشى لازىم.

## كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندىكى سۈننەتلەر

### 1. سالام قىلىش.

پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئىسلامدا قايسى ئەمەل ياخشى؟» دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «كەمبەغەللەرگە تائام بېرىش، تونۇغان-تونۇمىغان كىشىلەرگە سالام بېرىش» دەپ جاۋاب بەرگەن.[1]

بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەندى،

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا سالام قايتۇردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ئولتۇردى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئون ياخشىلىق» دېدى. يەنە بىر كىشى كېلىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ» دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا سالام قايتۇردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ئولتۇردى، پەيغەمبەر ﷺ: «يىگىرمە ياخشىلىق» دېدى. ئاندىن يەنە بىر ئادەم كېلىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ» دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ سالام قايتۇردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ئولتۇردى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئوتتۇز ياخشىلىق» دېدى.[1]

ئى قېرىندىشىم! الله سىزنى ھىمايە قىلسۇن، سىز ئۆزىڭىزگە ئوتتۇز ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولغان مۇكەممەل

(1) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، تىرمىزى «ھەسەن» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

سالامنى قىلماستىن، سالامنىڭ بىر قىسمى بىلەن كۇپايىلىنىپ قانچىلىغان ئەجىردىن قۇرۇق قالدىڭىز ـ ھە!؟ بىر ياخشىلىققا ئەڭ ئاز دېگەندە ئون ساۋاب بېرىلىدۇ. دېمەك، تولۇق سالام جەمئىي 300 ساۋاب بولىدۇ. بەزىدە بىر ساۋاب ھەسسىلىنىپ نۇرغۇن ساۋابلارغا كۆپىيىدۇ.

ئى قەدىرلىك قېرىندىشىم! كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىلىڭىزنى «السلام» دېگەن سۆزدىن «وبركاته» دېگەن سۆزگىچە تولۇق قىلىشقا كۆندۈرۈڭ.

مۇسۇلمان كىشى بىر كېچە ـ كۈندۈزدە نۇرغۇن قېتىم سالام قىلىدۇ. مەسىلەن، مەسجىد، ئۆيگە... كىرىپ ـ چىققاندا سالام قىلىدۇ.

ئى قېرىندىشىم! بىر ئادەم بىرەر

كىشىدىن ئايرىلماقچى بولغاندا مۇكەممەل، تولۇق سالام قىلىپ ئايرىلىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرەرىڭلار بىرەر سورۇنغا بارسا سالام قىلسۇن، ئۇ سورۇندىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولسىمۇ سالام قىلسۇن، ئاۋۋالقى سالام (ساۋاب جەھەتتىن) كېيىنكى سالامدىن ئارتۇق ئەمەس».[1]

مۇسۇلمان كىشى مەسجىد ۋە ئۆيگە كىرىپ-چىققاندا سالامنى لازىم تۇتسا، ئۇ سالامنىڭ ئومۇمىي قېتىم سانى 20 قېتىمدىن ئاز بولمايدۇ. بەزىدە خىزمەتكە ماڭغان، باشقىلار بىلەن يولدا كۆرۈشۈپ

(1) ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن ۋە سەھىھ» دېگەن.

قالغان ۋە تېلېفوندا سۆزلەشكەن ۋاقىتلارنى قوشساق ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولىدۇ.

## 2. تەبەسسۇم قىلىش.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سەن كىچىككىنە بىر ياخشىلىقنىمۇ ئاددىي كۆرمە، ھەتتاكى قېرىندىشىڭغا ئىللىق چىراي بىلەن ئۇچراشقىنىڭمۇ (تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدىغان) ياخشىلىقتۇر».[1]

## 3. قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىككى مۇسۇلمان ئۇچراشقاندا قول ئېلىشىپ سالاملاشسا، ئۇلار ئايرىلىشتىن بۇرۇن گۇناھلىرى كەچۈرۈلىدۇ».[2]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق

(1) مۇسلىم توپلىغان.

(2) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

دېگەن: «سەن ھەربىر قېتىم باشقىلار بىلەن ئۇچراشقاندا، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ مۇستەھەبلىكىنى بىلگىن».

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلىرىم!

كۆلۈمسىرىگەن ۋە تەبەسسۇم قىلغان ھالەتتە قول ئېلىشىپ تۇرۇپ سالاملىشىشقا ھېرىسمەن بولۇڭ. شۇ ئارقىلىق بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ سۈننەتنى تەتبىقلىغان بولىسىز.

**4. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ:** ﴿وَقُلْ لِعِبَادِي يَقُولُوا الَّتِي هِيَ أَحْسَنُ إِنَّ الشَّيْطَانَ يَنْزَغُ بَيْنَهُمْ إِنَّ الشَّيْطَانَ كَانَ لِلْإِنْسَانِ عَدُوًّا مُبِينًا﴾ «بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن. شۈبھىسىزكى، شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە قوزغايدۇ، شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر»[1].

(1) سۈرە بەنى ئىسرائىل 53 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ياخشى سۆز قىلىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر سەدىقە»[1].

ياخشى سۆز — زىكىر، دۇئا، سالام، ھەقلىق بولغان ماختاش، گۈزەل ئەدەب - ئەخلاق ۋە چىرايلىق ئىش - ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ياخشى سۆز ئىنسانغا نىسبەتەن سېھىرنىڭ رولىنى ئوينايدۇ، كىشىنىڭ كۆڭلىگە راھەت بېغىشلايدۇ، قەلبكە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدۇ.

ياخشى سۆز — مۇئمىنىنىڭ قەلبىدىكى نۇر، ھىدايەت ۋە ئەقىل - پاراسەتنى ئىسپاتلايدۇ.

ئى ھۆرمەتلىك قېرىندىشىم! ئەتىگەندىن - كەچكىچە بولغان پۈتۈن كۈنلۈك ھاياتىڭىزنى ياخشى سۆزلەر بىلەن

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۆتكۈزۈشنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟! مەسىلەن، ئايالىڭىز، باللىرىڭىز، قوشنىلىرىڭىز، دوستلىرىڭىز، خىزمەتچىلىرىڭىز ۋە ھاجىتىڭىز سەۋەبلىك مۇئامىلە قىلىشقان بارلىق كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىش ئارقىلىق ھايات كەچۈرۈشنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟!

## تاماق يېگەن ۋاقىتتىكى سۈننەتلەر

تاماق يېيىشتىن بۇرۇنقى ۋە تاماق ئارىلىقىدىكى سۈننەتلەر:

1. «بىسمىللاھ» دېيىش.
2. ئوڭ قولدا يېيىش.
3. ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېيىش.

بۇ سۈننەتلەر تۆۋەندىكى ھەدىستە جەملەنگەن: «ھەي بالا! <بىسمىللاھ>

دەپ، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئالدىدىن يىگىن». [1]

### 4. تاماق چۈشۈپ كەتسە، تازىلىۋېتىپ يېيىش.

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئەگەر بىرىڭلارنىڭ قولىدىن تاماق پارچىسى يەرگە چۈشۈپ كەتسە، تېرىپ پاكىزلىغاندىن كېيىن يەۋەتسۇن». [2]

### 5. ئۈچ بارماق بىلەن يېيىش.

«پەيغەمبەر ﷺ تاماقنى ئۈچ بارمىقى بىلەن يەيتتى.»[3] مانا بۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاماق يېگەندىكى كۆپىنچە ھالىتى بولۇپ، تاماقنى بۇنداق يېيىش بولسا شۇنداق يېيەلمەسلىك ئۆزرىسى بولۇپ قالغان

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
(2) مۇسلىم توپلىغان.
(3) مۇسلىم توپلىغان.

ۋاقىتلاردىن باشقا ۋاقىتلاردا ئەۋزەل.

**6. تاماق يېگەندىكى ئولتۇرۇش**

**ھالەتلىرى:** بىر خىل ھالىتى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇش؛ يەنە بىر خىل ھالىتى ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ سول پۇتىدا ئولتۇرۇش بولۇپ، ھافىز ئىبنى ھەجەر «فتح الباري» ناملىق كىتابىدا بۇ خىل ئولتۇرۇشنى «مۇستەھەب» دېگەن.

تاماقتىن كېيىنكى سۈننەتلەر:

**1. تاماق قاچىسى ۋە بارماقلىرىنى يالىتىش.**

پەيغەمبەر ﷺ تاماقتىن كېيىن بارماقلارنى ۋە تاماق قاچىسىنى يالىتىشقا بۇيرۇيتتى ۋە: «بەرىكەتنىڭ تامىقىڭلارنىڭ قايسىسىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر» دەيتتى.[1]

(1) مۇسلىم تويلىغان.

### 2. تاماقتىن كېيىن الله قا ھەمدە ئېيتىش.

«يېمەكلىكلەرنى يەپ بولغاندىن كېيىن الله قا ھەمدە ئېيتقان بەندىسىدىن الله ھەقىقەتەن رازى بولىدۇ.»[1] «الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَطْعَمَنِي هَذَا، وَرَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَ قُوَّةٍ»[2] دېگەن بۇ دۇئا ــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تائامدىن كېيىنكى دۇئالىرىدىن ئىدى.

**بۇ دۇئانىڭ پايدىسى:** «ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ».[3]

كۆپىنچە كىشىلەرنى بىر كېچە-

---

(1) مۇسلىم توپلىغان.

(2) تەرجىمىسى: چارە-تەدبىر ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىمىسىز ماڭا بۇ تائامنى رىزىق قىلىپ بەرگەن الله قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن.

(3) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان؛ ھافىز ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

كۈندۈزدە ئۈچ ۋاق تاماق يەيدۇ دەپ قارىساق، مۇسۇلمان كىشى تاماق يېگەندىكى سۈننەتلەرنى تەتبىقلاشقا ھېرىسمەن بولسا، ئادا قىلىدىغان سۈننەتلەر جەمئىي 15 سۈننەت بولىدۇ. بەزىدە ئۈچ ۋاق تاماقنىڭ ئارىلىقىدا يەنە باشقا يەڭگىل تاماقلارنى يېگەن بولسا، تەتبىقلانغان بۇ سۈننەتلەرنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

## ئىچىملىك ئىچكەن چاغدىكى سۈننەتلەر

1. «بىسمىللاھ» دېيىش.

2. ئوڭ قولدا ئىچىش.

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ھەي بالا! <بىسمىللاھ> دەپ ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن».[1]

3. ئىچكەندە قاچا سىرتىغا ئۈچ

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قېتىم تىنىپ ئىچىش.

يەنى بىر قېتىمدىلا ئىچىۋەتمەي، ئۈچ تىنىق بىلەن ئىچىش. «پەيغەمبەر ﷺ سۇنى ئۈچ تىنىقتا ئىچەتتى.»[1]

**4. ئولتۇرۇپ ئىچىش.**

«سىلەردىن ھېچكىم ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچمىسۇن.»[2]

**5. ئىچىپ بولغاندا «ئەلھەمدۇلىللاھ» دېيىش.**

«يېمەكلىكلەرنى يەپ بولغاندىن كېيىن اللە قا ھەمدە ئېيتقان ۋە ئىچىملىكلەرنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن اللە قا ھەمدە ئېيتقان بەندىسىدىن اللە رازى بولىدۇ.»[3]

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
(2) مۇسلىم توپلىغان.
(3) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مۇسۇلمان كىشى بىر نەرسە ئىچكەندە تەتبىقلىشى لازىم بولغان سۈننەتلەر 20 دىن ئاز ئەمەس، بەزىدە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇ ئىسسىق-سوغۇق ئىچىملىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ چۈنكى بەزى كىشىلەر ئىچىملىكلەرنى ئىچكەندە بۇ سۈننەتلەرنىڭ بەزىسىنى تەتبىقلاشقا سەل قاراۋاتىدۇ، بۇنىڭغا ئاگاھ بولۇش كېرەك.

## نەپلە نامازلارنى ئۆيدە ئادا قىلىش

**1. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:** «پەرز نامازدىن باشقا ئەڭ ئەۋزەل ناماز — ئۆيدە ئوقۇلغان نامازدۇر».[1]

**2. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:** «بىر

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئادەمنىڭ مەخپىي ئوقۇغان نەپلە نامىزى ئاشكارا ئوقۇغان نامىزىنىڭ 25 ھەسسىسىگە باراۋەر». [1]

**3. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:** «بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئوقۇغان نامىزىنىڭ، ئىنسانلار كۆرىدىغان جايدا ئوقۇغان نامىزىغا قارىغاندىكى پەزىلىتى بولسا پەرز نامازلارنىڭ باشقا نامازلارغا قارىغاندىكى پەزىلىتىگە ئوخشايدۇ». [2]

شۇڭلاشقا، بۇ سۈننەت بىر كېچە-كۈندۈزدە بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن، تەرتىپلەنگەن سۈننەتلەردە، چاشگاھ ۋە ۋىتىر نامازلىرىدا.

مۇسۇلمان كىشى پەرز نامازدىن باشقا

(1) ئەبۇ يەئلا توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
(2) تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

نامازلارنى ئۆيدە ئوقۇشنى لازىم تۇتسا ئەجرى تېخىمۇ كاتتا بولىدۇ ھەمدە سۈننەتكە ئەگەشكەن بولىدۇ.

### ❖نەپلە نامازلارنى ئۆيدە ئادا قىلىشنىڭ پايدىلىرى

1. خۇشۇئ ۋە ئىخلاسنىڭ تولۇق بولۇشىغا ۋە رىيادىن يىراق بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

2. ئۆيگە رەھمەتنىڭ چۈشۈشى ۋە ئۆيدىن شەيتاننىڭ چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

3. پەرز نامازنىڭ ئەجرىنىڭ مەسجىدلەردە ھەسسىلەپ كۆپەيگىنىگە ئوخشاش، نەپلە نامازنىڭ ئەجرىنىڭ ھەسسىلەپ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

**سورۇندا (ئۆتكۈزۈپ سالغان خاتالىقلارغا) كەففارەت بولىدىغان مۇنۇ دۇئانى دېيىش.** يەنى «سُبْحانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ، أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتوبُ إِلَيْكَ» «ئى الله ! مەن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ساڭا ھەمدە ئېيتىمەن. سەندىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بىرىمەن، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن» دېيىش.[1]

مۇسۇلمان كىشى بىر كېچە-كۈندۈزدە كۆپلىگەن سورۇنلاردا ئولتۇرىدۇ. تۆۋەندە بۇلارنى سىزگە تەپسىلى بايان قىلىپ بېرىمىز:

1. ئۈچ ۋاق تاماق يېيىش جەريانىدا كۆپىنچە ھاللاردا بىللە ئولتۇرغان كىشىلەر

(1) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

بىلەن پاراڭلىشىپ قالىسىز.

2. دوستلىرىڭىز ياكى قولۇم-قوشنىلىرىڭىز بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇلار بىلەن ئۆرە تۇرۇپ بولسىمۇ پاراڭلىشىپ قالىسىز.

3. خىزمەت دائىرىڭىزدە ياكى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىدا ساۋاقداشلىرىڭىز ياكى ھەمراھلىرىڭىز بىلەن ئولتۇرغاندا ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ قالىسىز.

4. ئەھلى-باللىرىڭىز بىلەن ئولتۇرغاندا ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ قالىسىز.

5. يولدا ماشىنىلىق مېڭىش جەريانىدا سىزگە ھەمراھ بولغان ئاياللىڭىز ياكى دوستىڭىز بىلەن پاراڭلىشىپ قالىسىز.

6. دەرس ياكى لېكسىيىگە ئىشتىراك

قىلغىنىڭىزدا باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىپ قالىسىز.

ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم، نەزەر سېلىڭ! الله سىزنى ھىمايە قىلسۇن. سىز مۇشۇ زىكىرنى بىر كېچە-كۈندۈزدە قانچە قېتىملاپ دېسىڭىز، دائىم الله قا باغلىنىپ تۇرالايسىز. «سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ» دېگىنىڭىزدە رەببىڭىزگە قانچە قېتىملاپ ھەمدۇ-سانالار ئېيتالىدىڭىز ھەمدە رەببىڭىزنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق بولمايدىغان نەرسىلەردىن رەببىڭىزنى پاكلىۋالالىدىڭىز-ھە!؟ بىر كېچە-كۈندۈزدە «أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتوبُ إِلَيْكَ» دېگىنىڭىزدە قانچە قېتىملاپ ئاشۇ سورۇنلاردا سىزدىن سادىر بولغان گۇناھلىرىڭىزغا تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتالىدىڭىز-ھە!؟

سىز «أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ» دېگىنىڭىزدە قانچە قېتىملاپ الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ يەككە - يېگانىلىقى ھەمدە رۇبۇبىيەت، ئۇلۇھىيەت ۋە گۈزەل ئىسىم - سۈپەتلىرىدىمۇ تەڭداشسىز يەككە - يېگانىلىقىنى ئىقرار قىلدىڭىز - ھە!؟ شۇندىلا بىر كېچە - كۈندۈزدىكى ئۇزۇن ۋاقتىڭىز الله تائالانى يەككە - يېگانە بىلىش، الله نى پاكلاش، الله تىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ۋە سىزدىن سادىر بولغان گۇناھلارغا تەۋبە قىلىش بىلەن ئۆتكەن بولىدۇ.

❖بۇ سۈننەتنى تەتبىقلاشنىڭ پايدىسى

ئولتۇرغان سورۇندا سادىر بولغان گۇناھ ۋە خاتالىقلارغا كەففارەت بولىدۇ.

## ئۇخلاشتىن ئىلگىرىكى سۈننەتلەر

1. «بِاسْمِكَ اللَّهُمَّ أَمُوتُ وَأَحْيَا»[1] دېيىش.[2]

2. ئىككى ئالقىنىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ «سۈرە ئىخلاس»، «سۈرە فەلەق» ۋە «سۈرە ناس»لارنى ئوقۇپ ئالقانغا ھۈرۈپ، ئاندىن ئىككى ئالقان بىلەن بېشىغا، يۈزىگە ۋە بەدىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلاپ قولى يەتكەن يېرىگىچە سىلاش ۋە بۇنى ئۈچ قېتىم قىلىش.[3]

3. ئايەتۇلكۇرسى، يەنى ﴿اللَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ...﴾ «بىر اللّٰه تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر؛ اللّٰه ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر...»[4]

---

(1) تەرجىمىسى: ئى اللّٰه! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ئۆلىمەن ۋە تىرىلىمەن.
(2) بۇخارى توپلىغان.
(3) بۇخارى توپلىغان.
(4) سۈرە بەقەرە 225-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېگەن ئايەتنى (ئاخىرىغىچە) ئوقۇش.[1]

بۇ ئايەتنى ئوقۇشنىڭ پايدىسى:

كىمكى بۇ ئايەتنى ئوقۇسا، الله تەرەپتىن بىر ھىمايە قىلغۇچى (پەرىشتە) ئۇ كىشى بىلەن ھەمىشە بىللە بولىدۇ، ئۇ كىشىگە شەيتان يېقىنلىشالمايدۇ.

4. «بِاسْمِكَ رَبِّي وَضَعْتُ جَنْبِي وَبِكَ أَرْفَعُهُ إِنْ أَمْسَكْتَ نَفْسِي فَارْحَمْهَا وَإِنْ أَرْسَلْتَهَا فَاحْفَظْهَا بِمَا تَحْفَظُ بِهِ عِبَادَكَ الصَّالِحِينَ» «ئى رەببىم! ئىسمىڭنى زىكىر قىلىپ تۇرۇپ يېنىمنى قويدۇم، ئىسمىڭنى زىكىر قىلىپ تۇرۇپ ئورنۇمدىن تۇرىمەن. ئەگەر جېنىمنى ئالساڭ، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن؛ ئەگەر مېنى ھايات قالدۇرساڭ، ياخشى بەندىلىرىڭنى قانداق ھىمايە قىلساڭ، ئۇنىمۇ شۇنداق ھىمايە

(1) بۇخارى توپلىغان.

قىلغىن» دېگەن دۇئانى ئوقۇش.[1]

5. «اللَّهُمَّ إِنَّكَ خَلَقْتَ نَفْسِي وَأَنْتَ تَوَفَّاهَا لَكَ مَمَاتُهَا وَمَحْيَاهَا إِنْ أَحْيَيْتَهَا فَاحْفَظْهَا، وَإِنْ أَمَتَّهَا فَاغْفِرْ لَهَا. اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْعَافِيَةَ» «ئى الله ! جېنىمنى سەن ياراتتىڭ، سەن ۋاپات قىلدۇرىسەن، ئۇنىڭ ھايات ـ ماماتلىقى سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر. ئەگەر ئۇنى ھايات قويساڭ، ئۇنى ھىمايە قىلغىن، ئەگەر ۋاپات قىلدۇرساڭ، ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى الله ! سەندىن سالامەتلىكنى سورايمەن» دېگەن دۇئانى ئوقۇش.[2]

6. ئوڭ قولنى مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ «اللَّهُمَّ قِنِي عَذَابَكَ يَوْمَ تَبْعَثُ عِبَادَكَ» «ئى الله ! سەن بەندىلىرىڭنى تىرىلدۈرىدىغان

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

(2) مۇسلىم توپلىغان.

كۈندىكى ئازابتىن مېنى ساقلىغىن» دېگەن دۇئانى ئۈچ قېتىم دېيىش.(1)

7. «سُبْحَانَ اللَّهِ»(2) نى 33 قېتىم، «الْحَمْدُ لِلَّهِ»(3) نى 33 قېتىم، «اللَّهُ أَكْبَرُ»(4) نى 34 قېتىم دېيىش.(5)

8. «الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَطْعَمَنَا وَسَقَانَا، وكفَانَا وآوانَا، فَكَمْ مِمَّنْ لا كَافِيَ لَهُ وَلاَ مُؤْوِيَ» «جىمى ھەمدۇ-سانالار بىزنى تائاملاندۇرغان، بىزنى سۇغارغان، ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرغان ۋە بىزگە جاي بەرگەن اللە قا خاستۇر. نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغۇچىسى ۋە جاي بەرگۈچىسى يوقتۇر»

---

(1) ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.
(2) مەنىسى: اللە پاكتۇر.
(3) مەنىسى: جىمى ھەمدۇ-سانا اللە قا خاستۇر.
(4) مەنىسى: اللە بۈيۈكتۇر.
(5) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

دېگەن دۇئانى ئوقۇش.[1]

**9.** «اللَّهُمَّ عَالِمَ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَاطِرَ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضِ رَبَّ كُلِّ شَيْءٍ وَمَلِيكَهُ أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ نَفْسِي، وَمِنْ شَرِّ الشَّيْطَانِ وَشِرْكِهِ وَأَنْ أَقْتَرِفَ عَلَى نَفْسِي سُوءًا أَوْ أَجُرَّهُ إِلَى مُسْلِمٍ» «ئى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەممىنى بىلگۈچى، ئاسمان-زېمىننى ياراتقۇچى ۋە ھەر شەيئىنىڭ رەببى ھەم پادىشاھى ﷲ ! گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سەندىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر. نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ مېنى شېرىككە چۇشۇرۇپ قويۇشىدىن، ئۆزۈمگە ياكى بىرەر مۇسۇلمانغا يامانلىق قىلىپ قويۇشۇمدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ

---

(1) مۇسلىم تويلىغان.

تىلەيمەن» **دېگەن دۇئانى ئوقۇش.**[1]

**10.** «اللَّهُمَّ أَسْلَمْتُ نَفْسِي إِلَيْكَ، وَفَوَّضْتُ أَمْرِي إِلَيْكَ، وَوَجَّهْتُ وَجْهِي إِلَيْكَ، وَأَلْجَأْتُ ظَهْرِي إِلَيْكَ، رَغْبَةً وَرَهْبَةً إِلَيْكَ، لاَ مَلْجَأً وَلاَ مَنْجَا مِنْكَ إِلاَّ إِلَيْكَ، آمَنْتُ بِكِتَابِكَ الَّذِي أَنْزَلْتَ وَبِنَبِيِّكَ الَّذِي أَرْسَلْتَ» «ئى اللە ! ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئىشلىرىمنى ساڭا ھاۋالە قىلدىم، سەن تەرەپكە يۈزلەندىم، سېنىڭ رەھمىتىڭگە قىزىقىپ، ئازابىڭدىن قورقۇپ ساڭا تاياندىم. ئازابىڭدىن پەقەت سەن تەرەپكە يۈزلەنگەندىلا نىجات تاپقىلى بولىدۇ. سېنىڭ نازىل قىلغان كىتابىڭغا ۋە پەيغەمبىرىڭگە ئىمان كەلتۈردۈم» **دېگەن دۇئانى ئوقۇش.**[2]

**11.** «اللَّهُمَّ رَبَّ السَّمَاوَاتِ السَّبْعِ، وَرَبَّ

(1) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

الْعَرْشِ الْعَظِيمِ، رَبَّنَا وَرَبَّ كُلِّ شَيْءٍ، فَالِقَ الْحَبِّ وَالنَّوَى، وَمُنْزِلَ التَّوْرَاةِ وَالإِنْجِيلِ، وَالْفُرْقَانِ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ كُلِّ شَيْءٍ أَنْتَ آخِذٌ بِنَاصِيَتِهِ. اللَّهُمَّ أَنْتَ الأَوَّلُ فَلَيْسَ قَبْلَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الآخِرُ فَلَيْسَ بَعْدَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الظَّاهِرُ فَلَيْسَ فَوْقَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الْبَاطِنُ فَلَيْسَ دُونَكَ شَيْءٌ اقْضِ عَنَّا الدَّيْنَ وَأَغْنِنَا مِنَ الْفَقْرِ» «ئى يەتتە قات ئاسمانلارنىڭ ۋە بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببى؛ بىزنىڭ ۋە بارلىق شەيئىلەرنىڭ رەببى؛ دان ۋە ئۇرۇقلارنى بىخلاندۇرغۇچى؛ تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاننى نازىل قىلغۇچى اللە! ساڭا سېغىنىپ بارلىق نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئۇلارنىڭ كوكۇلىسى سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. ئى اللە! سەن ئەۋۋەلسەن، سەندىن ئىلگىرى ھېچبىرى بولمىغان؛ سەن ئاخىرسەن، سەندىن كېيىن ھېچبىرى يوقتۇر. سەن

ئاشكارىسەن (يەنى مەۋجۇدلۇقۇڭ دەلىل-پاكىتلار بىلەن ئەقىل ئىگىلىرىگە ئاشكارىدۇر)، سېنىڭدەك ئاشكارا بىرى يوق. سەن مەخپىيسەن (يەنى سېنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ)، سېنىڭ زاتىڭنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر يېتەلمەيدۇ، سېنىڭدەك مەخپىي بىرى يوق. بىزنى قەرزدىن خالاس قىلغىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغىن» دېگەن دۇئانى ئوقۇش.[1]

**12. سۈرە بەقەرەنىڭ** ﴿آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ...﴾ «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۇئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى...»[2] **دىن باشلاپ ئاخىرىقى**

(1) مۇسلىم توپلىغان.

(2) سۈرە بەقەرە 285- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ئىككى ئايەتنى ئوقۇش.** پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كېچىدە سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرىقى ئىككى ئايەتنى ئوقۇغان كىشىگە شۇ كېچىدە ئۇ ئىككى ئايەت كۇپايە قىلىدۇ».[1]

ھەدىستىكى «كۇپايە قىلىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئالىملار ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بەزىلەر: «بۇ ئىككى ئايەت ئۇ كىشىنىڭ كېچىلىك قىيامىغا كۇپايە قىلىدۇ» دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر: «بۇ ئىككى ئايەت ئۇ كىشىگە بارلىق يامانلىقلاردىن ۋە يامان كۆرۈلىدىغان ئىشلاردىن كۇپايە قىلىدۇ» دەپ قارىغان. ئىمام نەۋەۋى «الأذكار» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن دەيمەنكى،

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ھەر ئىككىلا مەنىنى ئىپادىلەيدۇ دېسەكمۇ دۇرۇس بولىدۇ».

## 13. تاھارەت بىلەن يېتىش.

(پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:) «ئۇخلاش ئۈچۈن ياتماقچى بولغىنىڭدا نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالغىن».[1]

## 14. ئوڭ يېنىنى بېسىپ يېتىش.

(پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:) «ئاندىن ئوڭ تەرىپىڭنى بېسىپ ياتقىن».[2]

## 15. ئوڭ قولىنى ئوڭ مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئۇخلاش.

«پەيغەمبەر ﷺ ئۇخلىماقچى بولسا ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنىنى مەڭزىنىڭ ئاستىغا

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قوياتتى.»[1]

## 16. كۆرپىنى قېقىۋېتىش.

(پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:) «بىرىڭلار (ئۇخلاش ئۈچۈن) كۆرپىسىگە كەلگەندە ئۇنى قېقىۋەتسۇن چۈنكى ئۇ كىشى ئۆزىدىن كېيىن بۇ كۆرپىگە نېمىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ».[2]

## 17. «كافىرۇن» سۈرىسىنى ئوقۇش.

**ئۇنىڭ پايدىسى:** «شۈبھىسىزكى، كافىرۇن سۈرىسى شېرىكتىن ئادا ـ جۇدا بولۇشتۇر».[3]

نەۋۋەي مۇنداق دېگەن: «ھەربىر كىشىنىڭ مۇشۇ بابتا سۆزلەنگەن

(1) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
(3) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

سۈننەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلىشى تولىمۇ پەزىلەتلىك بىر ئىشتۇر. ئەگەر ئىمكانىيەت بولمىسا ئۆزى قادىر بولالىغانچە مۇھىملىرىنى ئادا قىلسۇن».

ئادەتتە كۆپلىگەن كىشىلەر بىر كېچە-كۈندۈزدە ئىككى قېتىم ئۇخلايدۇ، بۇ ۋاقىتتا بۇ سۈننەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ياكى بەزىسىنى ئىككى قېتىم تەتبىقلايدۇ چۈنكى بۇ سۈننەتلەر كېچىلىك ئۇيقۇغىلا خاس بولماستىن بەلكى كۈندۈزلۈك ئۇيقۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر ھەرقانداق ۋاقىتتىكى ئۇيقۇغا ئورتاق كەلگەن.

### ❖ئۇخلىغاندا بۇ سۈننەتلەرنى تەتبىقلاشنىڭ پايدىلىرى

1. ئۇخلاش ئالدىدىكى بۇ تەسبىھلەرگە

رىئايە قىلغان كىشىگە 100 سەدىقىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ. (پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:) «ھەربىر تەسبىھ (سۇبھانەللاھ) سەدىقە، ھەربىر تەكبىر (ئاللاھۇ ئەكبەر) سەدىقە، ھەربىر ھەمدە (ئەلھەمدۇلىللاھ) سەدىقە ۋە ھەربىر تەھلىل (لا ئىلاھە ئىللەللاھ) سەدىقىدۇر».[1]

نەۋەۋى مۇنداق دېگەن: «ئۇخلاش ئالدىدا ئېيتىلغان تەسبىھلەرگە سەدىقىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ».

2. نامازدىن كېيىنكى زىكىرلەرنىڭ پايدىلىرى ھەققىدە ئىبنى ماجە توپلىغان ھەدىسكە ئاساسەن، ئۇخلاش ئالدىدىكى بۇ تەسبىھلەرگە رىئايە قىلغان كىشىگە جەننەتتە 100 تۈپ دەرەخ تىكىلىدۇ.

(1) مۇسلىم توپلىغان.

3. ﷲ ئۇ بەندىنى ھىمايە قىلىدۇ، شۇ كېچىدە شەيتان ئۇ كىشىدىن يىراق بولىدۇ ھەمدە بارلىق يامانلىق ۋە ئاپەتلەردىن سالامەت بولىدۇ.

4. ئۇخلاش ئالدىدىكى بۇ تەسبىھلەرگە رىئايە قىلغان بەندە ئۆزىنىڭ ھەربىر كۈنىنى ﷲ نى زىكىر قىلىش، ﷲ قا ئىتائەت قىلىش، ﷲ قا تەۋەككۇل قىلىش، ﷲ تىن ياردەم سوراش ۋە ﷲ نى يەككە-يېگانە بىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

## ھەرقانداق ئەمەلدە سالىھ نىيەتنى ھازىرلاش

ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم! ﷲ سىزنى ھىمايە قىلسۇن. سىز شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇخلاش، يېيىش-ئىچىش ۋە رىزىق تەلەپ

قىلىشقا ئوخشاش مۇباھ ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندىغان ۋاقتىڭىزدا الله قا يېقىنلىشىشنى نىيەت قىلىش شەرتى بىلەن، شۇ مۇباھ ئەمەللەرنى ئىبادەتكە ۋە الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەلگە ئايلاندۇرالايسىز. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بارلىق ئەمەللەر پەقەت نىيەتكە باغلىقتۇر. ھەرقانداق ئىنسان پەقەت نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ». [1]

مەسىلەن، مۇسۇلمان كىشى كېچىلىك نامازغا ياكى بامدات نامىزىغا ئويغىنىش ئۈچۈن بالدۇر ئۇخلىسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇيقۇسى ئىبادەت بولىدۇ. قالغان دۇرۇس ئىشلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش.

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## بىرلا ۋاقىتتا كۆپ ئىبادەتلەرنى غەنىيمەت بىلىش

پەقەت ۋاقىتقا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەرلا بىرلا ۋاقىتتا بىردىن كۆپ ئىبادەت قىلىش پۇرسىتىنى تونۇيالايدۇ. رىئاللىقىمىزدا بۇنىڭ تۇرلۇك تەتبىقلىنىشى بار:

1. مۇسۇلمان كىشى پىيادە ياكى ماشىنىلىق مەسچىدكە بارسا، ھەقىقەتەن بۇمۇ ئۆز دائىرىسىدە ئىبادەت ھېسابلىنىپ مۇسۇلمان بۇنىڭغا قارىتا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ لېكىن مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ يەنە الله نى كۆپ زىكىر قىلىۋېلىش ۋە قۇرئان ئوقۇۋېلىشقا ئىمكانىيەت تاپالايدۇ. مانا بۇ — بىر ۋاقىتتا كۆپ ئىبادەتنى غەنىيمەت بىلگەنلىك بولىدۇ.

2. مۇسۇلمان كىشى گۇناھ ئىشلاردىن خالىي بولغان توي مۇراسىمغا بارسا، بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىشى ئىبادەت لېكىن مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ بۇ مۇراسىمدا الله تەرەپكە دەۋەت قىلىشى ياكى الله نى كۆپ زىكىر قىلىۋېلىشى ھەم مۇمكىن.

## ھەر ۋاقىت الله نى زىكىر قىلىش

**1. الله نى زىكىر قىلىش — الله قا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئاساسى چۈنكى ئۇ ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ئەھۋاللاردا بەندە بىلەن ياراتقۇچىنى باغلاپ تۇرىدۇ.** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ھەرقانداق ۋاقىتتا الله نى زىكىر قىلاتتى».[1]

(1) مۇسلىم توپلىغان.

الله قا باغلىنىش ــ ھاياتلىق؛

الله قا يىلىنىش ــ نىجاتلىق؛

الله قا يېقىنلىشىش ــ ئۇتۇق قازىنىش ۋە رازىمەنلىك؛

الله تىن يىراقلىشىش ــ ئازغۇنلۇق ۋە زىيانكارلىقتۇر.

**2. الله نى زىكىر قىلىش ــ مۇئمىنلەر بىلەن مۇناپىقلار ئارىسىدىكى پاسىلدۇر.** دېمەك، مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتى بولسا ئۇلار الله نى ئازغىنە زىكىر قىلىدۇ.

**3. الله نى زىكىر قىلىشتىن غەپلەتتە قالغان ۋاقىتتا شەيتان ئىنساننى مەغلۇب قىلىدۇ.** الله نى زىكىر قىلىش ــ ئىنساننى شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرىدىن ساقلايدىغان مۇستەھكەم قورغاندۇر.

ئىنساننىڭ الله نى زىكىر قىلىشنى ئۇنتۇپ قېلىشىنى شەيتان ياخشى كۆرىدۇ.

### 4. زىكىر ـــــ بەخت ـ سائادەتنىڭ

**يولى.** الله تائالا مۆنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَتَطْمَئِنُّ قُلُوبُهُمْ بِذِكْرِ اللَّهِ أَلَا بِذِكْرِ اللَّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ﴾ «(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ»[1].

### 5. دائىم الله نى زىكىر قىلىپ تۇرۇش

**لازىم.** چۈنكى جەننەت ئەھلى دۇنيادا ئۆزلىرىنىڭ الله نى زىكىر قىلماي ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقتىدىن باشقا ۋاقتىغا پۇشايمان قىلمايدۇ. الله نى زىكىر قىلىپ تۇرۇش ـــــ بەندىنى الله قا دائىم باغلاپ تۇرىدۇ.

نەۋەۋى مۇنداق دېگەن: «تاھارەتسىز، جۇنۇپ، ھەيزدار، نىفاسدار كىشىلەرنىڭ

(1) سۈرە رەئد 28 ـ ئايەت.

تىلى ۋە قەلبى بىلەن اللە نى زىكىر قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقىغا ئالىملار بىرلىككە كەلدى. بۇ زىكىرلەر: تەسبىھ، ھەمدە، تەكبىر ۋە تەھلىل ئېيتىش؛ پەيغەمبەر ﷺ گە دۇرۇت يوللاش ۋە دۇئا قىلىشتۇر ئەمما قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا بولمايدۇ».

**6. كىمكى رەببى اللە ئەززە ۋە جەللىنى ئەسلىسە، رەببىمۇ ئۇنى ئەسلەيدۇ.** اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ وَاشْكُرُوا لِي وَلَا تَكْفُرُونِ﴾ «مېنى (تائەت-ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار».[1]

بىرەر پادىشاھ ئۆز سورۇنىدا بىرەر كىشىنى

(1) سۈرە بەقەرە 152 ـ ئايەت.

تىلغا ئېلىپ ماختىغانلىقى ئۇ كىشىنىڭ قۇلىقىغا يەتسە، ئۇ كىشى ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتكەن يەردە، ئۇنداقتا پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان الله تائالا ئۇ كىشىنى جامائەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنىڭ ئىچىدە تىلغا ئالسا ئەھۋال قانداق بولار-ھە!؟

## 7. الله نى زىكىر قىلىش ـــ قەلب

**الله نى ئۇلۇغلاش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن غاپىل ھالەتتە بىر ياكى بىر قانچىلىغان سۆزلەرنى ئېيتىپ قويۇشلا ئەمەس.**

ھەقىقەتەن زىكىر تىل بىلەن بولىدۇ لېكىن تىلدا ئېيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئۈستىدە پىكىر قىلىش ۋە شۇ سۆزدىن تەسىر ئېلىش كېرەك.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاذْكُرْ رَبَّكَ فِي نَفْسِكَ تَضَرُّعاً وَخِيفَةً وَدُونَ الْجَهْرِ مِنَ الْقَوْلِ بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ وَلَا

تَكُنْ مِنَ الْغَافِلِينَ﴾ «پەرۋەردىگارىڭنى يىلىنغان ۋە ئۈنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە-ئاخشامدا ئۈنى پەس ئاۋازدا زىكىر قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن»[1].

زىكىر قىلغۇچى ئۆزى ئېيتىۋاتقان زىكىرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشى لازىم. شۇنداق بولغاندا قەلبنىڭ زىكرى بىلەن تىلنىڭ زىكرى بىرلىشىپ، ئىنسان ئۆزىنىڭ رەببىگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتلەردە باغلىنالايدۇ.

## الله نىڭ نېئمەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ نېئمەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىڭلار،

(1) سۈرە ئەئراف 205- ئايەت.

الله ھەققىدە تەپەككۇر قىلماڭلار». [1]

الله نىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان نېئمەتنى ھېس قىلىش — مۇسۇلمان كىشى بىر كېچە-كۈندۈزدە بىر قانچە قېتىم تەكرارلايدىغان ئىشلاردىندۇر. مۇسۇلمان كىشى بىر كېچە-كۈندۈزدە نۇرغۇن ئورۇن ۋە مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇرىدىغان بولۇپ، مۇسۇلمان ئۆزى مەنپەئەتلىنىپ تۇرۇۋاتقان مۇشۇ نېئمەتلەرگە قارىتا ئويلىنىشى، پىكىر يۈرگۈزۈشى ۋە الله قا ھەمدە ئېيتىپ تۇرۇشى لازىم.

1. مەسجىدكە بارغان ۋاقتىڭىزدا الله نىڭ سىزگە ئاتا قىلغان نېئمەتنى ھېس قىلدىڭىزمۇ؟! ئەتراپىڭىزدىكىلەر

(1) تەبەرانى «الأوسط» ناملىق كىتابىدا ۋە بەيھەقى «الشعب» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

بۇ نېئمەتتىن قانداق مەھرۇم قالدى؟ بولۇپمۇ بامدات نامىزىغا ماڭغىنىڭىزدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىگە قارىسىڭىز ئۇلارنىڭ خۇددى ئۆلۈكلەردەك ئۇخلاۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىسىز.

2. يولدا مېڭىۋېتىپ تۇرلۇك مەنزىرىلەرنى كۆرگەن ۋاقتىڭىزدا الله نىڭ سىزگە ئاتا قىلغان نېئمىتىنى ھېس قىلدىڭىزمۇ؟! مانا مۇشۇ چاغدا بىر ماشىنا ھادىسىسى يۈز بەردى، ئۇ ماشىنىدىن شەيتاننىڭ ئاۋازى (يەنى ناخشا ـ مۇزىكا) ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

3. ئاچارچىلىق، دېڭىز تاشقىنى، كېسەللەرنىڭ تارقىلىشى، تۇرلۇك ھادىسىلەر، يەر تەۋرەش، جەڭ ۋە سۈرگۈن قىلىنىشتىن ئىبارەت دۇنيا خەۋەرلىرىنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان ۋاقتىڭىزدا،

الله نىڭ سىزگە ئاتا قىلغان نېئمىتىنى ھېس قىلدىڭىزمۇ؟!

مەن ئېيتىمەنكى، ھەقىقە مۇۋەپپەق قىلىنغان بەندىنىڭ قەلبى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىدىن الله نىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان ھەرقانداق كۆرۈنۈشتىكى نېئمىتىنى ھېس قىلىشى ھەرگىز يوقاپ كەتمەيدۇ. ئاندىن ئۇ بەندە دائىم دىن، سالامەتچىلىك، كەڭرىچىلىك ۋە يامانلىقلاردىن خاتىرجەم بولۇش... قاتارلىق ئۆزى نېئمەتلىنىۋاتقان بارلىق نېئمەتلەردە الله قا ھەمدە ئېيتىش، شۈكۈر قىلىش ۋە الله نى مەدھىيىلەش ئىچىدە بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بالاغا يولۇققان بىر كىشىنى كۆرگەندە:

«الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي عَافَانِي مِمَّا ابْتَلاَكَ بِهِ، وَفَضَّلَنِي عَلَى

كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقَ تَفْضِيلاً﴾[1] دېسە، ئۇ كىشى بۇ بالادىن ساقلىنىپ قالىدۇ».[2]

## ھەر ئايدا قۇرئاننى بىر قېتىم تاماملاش

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قۇرئاننى ئايدا بىر قېتىم ئۆتكۈزگىن».[3]

ھەر ئايدا قۇرئان كەرىمنى تامام قىلىشنىڭ يولى مۇنداق: ھەربىر ۋاق پەرز نامازدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن ئىككى ۋاراق (يەنى تۆت بەت) قۇرئان ئوقۇشىڭىز ئۈچۈن، پەرز نامازغا تەخمىنەن ئون مىنۇت

(1) تەرجىمىسى: سېنى يولۇقتۇرغان بۇ بالادىن مېنى ساقلىغان ۋە مېنى (خاتىرجەملىكتە) نۇرغۇنلىغان مەخلۇقلىرىدىن ئۈستۈن قىلغان اللّٰه قا ھەمدۇ-سانا بولسۇن.
(2) تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
(3) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

بالدۇر كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىر كۈندە جەمئىي ئون ۋاراق (يەنى 20 بەت)، يەنى تولۇق بىر پارە ئوقۇيسىز-دە، شۇ ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنى ھەر ئايدا بىر قېتىم ناھايىتى ئاسان تامام قىلالايسىز.

## خاتىمە

يۇقىرىقىلار — ئادا قىلىش تولىمۇ ئاسان بولغان كۈندىلىك سۈننەتلەرنىڭ جۈغلانمىسىدۇر. اللہ سۇبھانەھۇ ۋە تائالادىن بىزنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتى ئۈستىدە ياشىتىشنى ۋە شۇ سۈننەت ئۈستىدە ۋاپات تاپقۇزۇشنى سورايمىز.

وآخر دعوانا أن الحمد للّٰه رب العالمين

